ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于自然与社会的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—428—2

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122089 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于自然与社会的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978—7—80744—428—2 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتىدە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

زېمىن سىلەرگە ئۆز مېۋىسىنى تەقدىم قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر ئۇنى يالغۇز ئىگىلىۋالماقچى بولساڭلار، ئۇ سىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ. زېمىننىڭ سوۋغىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر مولچىلىق ھەم قانائەت ھېس قىلىسىلەر.

«ئېلىم ـ سېتىم»دىن دېگىنىز قىرغىقى بىلەن تاغ چوققىسى ئارىلىقىدا بىر مەخپىي تونىل بار، سىلەر زېمىن ئوغلى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشتىن بۇرۇن، ئاشۇ تونىلدىن ئۆتۈشۈڭلارغا توغرا كېلىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

بىر سىقىم مۇنبەت تۇپراقنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، سەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بىرەر تال ئۇرۇق ياكى قۇرتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بايقىغانمۇ؟! مۇبادا ئالىقىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە كېڭىيىپ ھەمدە يېتەرلىك ۋاقىت ئېچىلىپ تۇرالىسىلا، بەلكىم ئۇرۇق ئورمانلىققا، قۇرت پەرىشتىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئاشۇ نۇرغۇن ئاي ـ يىللارنىڭ ئۇرۇقنى ئورمانلىققا، قۇرتنى پەرىشتىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئاشۇ ئاي ـ يىللار پەقەت بىر دەقىقە ـ بىر

دەقىقىدىن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

ئاشۇ چوڭ دەرەخلەرگە يۆگىشىپ ياشاۋاتقان گىياھلار تىنىچ كېچىدە زېمىندىن سۈت سۈمۈرىدۇ، زېمىنمۇ ئۆزىنىڭ تىنچ چۈشلىرى ئىلكىدە قۇياشتىن نۇر ئېمىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

قۇياشمۇ خۇددى سىلەرگە، ماڭا ۋە جىمى مەۋجۇداتقا ئوخشىشىدۇ. ئۇ ھۆكۈمران يارىتىپ ئىشىكلىرىنى مەڭگۈلۈك ئېچىۋەتكەن كاتتا زىياپەت قەسرىدە شەرەپ بىلەن ئولتۇرىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

جىمى مەۋجۇدات بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ ياشايدۇ، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىكى جىمى ھاياتلىق چەكسىز ئىشەنچ ۋە سېخىيلىق بىلەن ھەممىگە قادىر بولغۇچىنىڭ مېھرىبان قوينىدا ياشايدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن



قۇياشنىڭ سەھەر شەبنەملىرىدىكى ئوبرازى قۇياشنىڭ ئۆزىدىن قېلىشمايدۇ؛ ھاياتىڭلارنىڭ روھىڭلاردىكى ئەكسىمۇ ھاياتىڭلارنىڭ ئۆزىدىن قېلىشمايدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

بىر تامچە شەبنەمدە قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ، چۈنكى سەھەردىكى شەبنەم بىلەن قۇياش نۇرى بىر شەيئى؛ سىلەر ھاياتىڭلارنى ئەكس ئەتتۈرەلەيسىلەر، چۈنكى سىلەر ھاياتىڭلار بىلەن بىر شەيئى.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

سۈبھىدە گۈلسامساق ياپراقلىرىدا دومىلاپ يۈرگەن شەبنەم تامچىلىرى بىلەن تەڭرىنىڭ قەلبىدە جەم بولغان روھىڭلارنىڭ پەرقى يوق .

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

سەن بۇ دۇنياغا يالغۇز كېلىسەن ۋە يالغۇز كېتىسەن.

جىبران: «دانىشمەن بېغى»دىن

بىرتال ئۇرۇق چاچساڭ، زېمىن ساڭا بىر گۈل بېرىدۇ. ئاللادىن بىر شېرىن خىيالنى تىلىسەڭ، ساما ساڭا بىر مەشۇق بېرىدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

باھار گۈللىرى — پەرىشتىلەر ناشتا ئۈستىدە قىلىشقان قىش توغرىسىدىكى خىياللاردۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

www.uyghurkitap.com

ھاياتىڭىزنى كور تەبىئەتكە تاشلاپ بەرمەڭ.

جبران: «مۇرتەت خىيلىل»دىن

زېمىن نەپەسلەنسە، بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز، زېمىن نەپەسنى توختاتسا، بىز ئۆلىمىز.

جبران: «بىر ئوچۇم قۇم»دىن

ئاھ زېمىن! سەن نەقەدەر سېخىي، نەقەدەر كەڭ قورساق!

ئاھ زېمىن! سەن نەقەدەر سېخىي، نەقەدەر كەڭ قورساق! سەن ئۆز ماھىيىتىدىن چەتلەپ، شۆھرەتپەرەسلىك خىياللىرىغا بېرىلگەن، ئۆزلىرىنىڭ يېتەلىگەن ۋە يېتەلمىگەن نىشانلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئېزىپ قالغان بىزدەك پەرزەنتلىرىڭگە نەقەدەر ھېسداشلىق قىلىسەن ـ ھە!

بىز غەلۋە قىلساق، سەن كۈلدۈڭ!

بىز چىڭ تۇرساق، سەن ئىنكار قىلدىڭ!

بىز ئاياغ ئاستى قىلساق، سەن بەخت تىلىدىڭ!

بىز قارا چاپلىساق، سەن مەدھىيىلىدىڭ!

بىز شېرىن ئۇيقۇغا كەتسەكمۇ، چۈش كۆرمىدۇق، بىراق سەن مەڭگۈلۈك ئويغاقلىقتا چۈش كۆرىسەن.

بىز قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن سېنىڭ كۆكرىكىڭنى يارا

قىلدۇق، بىراق سەن ماي ۋە دورىلارنى بىزنىڭ يارىمىزغا سۈرتۈپ قويدۇڭ.

بىز ئىستاكانلارنى ھويلاڭغا تاشلىدۇق، بىراق سەن ئۆلاردىن سۇۋادان تېرەك ۋە سۆگەتلەرنى ئۆستۈردۈڭ.

چىرىپ كەتكەن جەسەتلەرنى ساڭا ئامانەتكە تاپشۇردۇق، بىراق سەن بىزنىڭ خامىنىمىزغا زىرائەت دانلىرىنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتىڭ، مەيخانىلىرىمىزنى شېرىن ئۈزۈملەرگە توشقۇزدۇڭ.

بىز سېنىڭ دىدارىڭنى خۇن بىلەن بۇلغىدۇق، بىراق سەن بىھوش دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيدۇڭ.

بىز سېنىڭ ئېلېمېنتلىرىڭنى ئايرىۋېلىپ، مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى ياسىدۇق، بىراق سەن بىزنىڭ ئېلېمېنتلىرىمىزنى تېرىپ يىغىپ، قىزىلگۈل ۋە گۈلسامساقلارغا ئايلاندۇردۇڭ.

جىبران: «ئاھ،زېمىن»دىن

مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ تەن رەنجىگە شىپا؛ بەتخۇي، نادان تېۋىپ خەلق جېنىغا بالادۇر.

ئەلىشىر نەۋائى



كاتىپلار، شائىرلار سۆزنىڭ گۈزەل ۋارىقى ـ سۆز خەزىنىسىدىنىڭ خەزىنىدارى، خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى ئامانەتتۇر، ئامانەتنى ئىشلىتىش خىيانەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر قاراۋۇل زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر ئادەمنى ئىلىم قولدىن قۇتۇلدۇرۇپ، خىزمىتى ئۈچۈن ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلسا، ئۇ قارا- ۋۇلنىڭ زالىم بىلەن ئورتاقچىلىقى بولغان بولىدۇ. ئەگەر خىزمە- تىگە لايىق ھەق ئېلىشنى ئويلىسا، خۇددى ئاتا مىراسى ياكى ئانا سۈتىدەك ھالال بولىدۇ. ئەگەر خىزمىتىدىن كەمرەك ھەق ئالاي دېسە، ئۇنىڭ ئەرلىكى ۋە مەردلىكىدۇر. خىزمەت قىلىپ ھەق ئال- مىسا، ئېيتىش كېرەككى، ئۇ ئەۋلىيادۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

قازىنىڭ ئىلىم، تەقۋاسىدىن كۆڭۈللەر ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دىققەت، ئەقىل ـ پاراستىدىن دىيانەتسىزلەر غەمگە چۆكىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر قازى پارىخور بولسا، ئىسلام قورغىنى شورا بولىدۇ. چۈنكى قازى پارىخور بولسا، پارا بەرگۈچى خالىغىنىچە ھۆكۈم ئا- لالايدۇ. پارا يېگۈچى شەرىئەتنى بۇزالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇدەررىس بولغان كىشى مەنسەپنى مەقسەت قىلماسلىقى، بىلمىگەننى سۆزلىمەسلىكى، كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرس كۆلىنى ياسىماسلىقى، ئۆزۈمچىلىك بىلەن پوپاڭ سالماسلىقى، نادانلىقتىن سەللىنى چوڭ يۆگەپ، چۈچىسىنى ئۇ-

زۇن قويۇۋالماسلىقى لازىم.

ئەلشىر نەۋائى

كۆچلۈك بىر ئادەم بىر كىچىك بالىنى باشقۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىر مۇنچە بەڭۋاش. شوخ بالىلارغا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدۇ، بىلىش كېرەككى بۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئوقۇتقۇچى پادشاھ بولسا، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

تىجارەتچى —ساياھەتچى مەملىكەت، شەھەرلەر ھالىدىن خەۋەر تاپقۇچى.

ئەلشىر نەۋائى

دورغا، پاششاپ، مىرشەبلەر ئوغرى ـ يانچۇقچىلارغا ھەمدەم ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىلەردۇر. تۈرمىدىكىلەر دوزاختىكىلەر، مىرشەبلەر ئازاب پەرىشتىلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئوغرى ـ يانچۇقچى بىلەن قىمارۋازنىڭ بازىرىنى پاششاپلار

www.uyghurkitap.com

قىزىتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشى، خەلقنىڭ شاد بولۇشى دېھقانلار بىلەن بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دېھقانلار خەلققە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت يەتكۈزىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دېھقان خالىس نىيەت بىلەن بىر دان چاچسا، بىرگە يۈزنى بىرىدىغان ئىشنى ئېچىلىدۇ. تېرىغان دان مايسا بولۇپ، كېيىن پىشىپ خامان قىلىنىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگۈچە قۇرت - قوڭغۇزلار، جان - جانىۋارلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن ۋە دەشتتىكى ياۋايى ھايۋانلار خۇرسەن بولۇشىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيى ئاۋات بولىدۇ، بۆرىلەرنىڭ ئۆيى شاد بولىدۇ. كەپتەر ۋە تورغايلار شادلىققا يېتىشىدۇ. ئورمىچى، باشاقچىلار ئۇنىڭدىن رىزىق تاپىدۇ. ماتا، چەكمەن توقۇغۇچىلارنىڭ مەقستى ھاسىل بولىدۇ. ئائىلىلەر ئۇنىڭ بىلەن توق بولىدۇ. مۇساپىرلارغا رىزىق يەتكۈزۈلىدۇ. غېرىب - غۇرۇۋالار، ئاجىز پۇقرالار ئۇنىڭدىن رىزىق ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دېھقان سائىلىنىمۇ تويدۇرىدۇ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنىمۇ

تولدۇردۇ، تويدۇردۇ.

ئەلشىر نەۋائى

دېھقاننىڭ باغلىرى جەننەت مەسەللىك بولۇپ، ئۇنى كۆرۈش بىلەن روھ قۇۋۋەت تاپىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

پۇقرالارنىڭ سىركە ـ دۇشابلىرى، بايلارنىڭ ئېسىل مەيلىـ. ـرى، خىلمۇخىل مېۋىلەر بىلەن باغدىكى زىننەت ۋە گۈلزارلىقتىـ. ـكى گۈزەل مەنزىرىلەر دېھقاندىن كېلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

يېتىمچى ـ ساياقلاردا مۇسۇلمانلىق خىسلىتى، مۇسۇلمانلىق تۇرمۇشى ۋە ئىنسان تەبىئىتى يوق. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ، بەلكى ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ. ئۇلار ساق ۋاقتىدا قوتۇر ئىت بولسا، ساراڭلىقى تۇتقاندا يۇز ئىتنى قاچۇرالايدۇ، زەھەرلىك قولى دەشتتىكى يىرتقۇچلارنىڭكىگە ئوخشاش ئەجەل قارمىقىدۇر. ئۇلار ياخشى ـ يامانغا چېقىلىدۇ. كىشىلەرى چايانغەك چاقىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كىمكى دېھقان بولىدىكەن، باشقىلارغا نان بېرىش ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى، دېھقان ئالىي مەرتىۋىسى بىلەن ئادەم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى.

ئەلىشىر نەۋائى

ياخشى ۋە لوللارنىڭ كۆپرەكىنىڭ ھەرىكىتى كۆلكىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ موللاق ئېتىشىدا خارلىقى ئاشكار، بېشىنى يەرگە تۆۋەن قويۇشىدا كۆرۈنىدۇ بەك بىئېتىبار، ئۇلاردا يوقتۇر ئانانىيەت، مايمۇنغا ئوخشايدىغان ئۇلاردىكى ئىنسانىيەت.

ئەلىشىر نەۋائى

تىلەمچى ۋە گادايىنىڭ تولىسى غەيرەتسىز ۋە بىھايا. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەريان قاترىشى ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ۋە كېچىسى ئوغرىلىق قىلىش مۇددىئاسىدا ھەريانغا كۆز سېلىش ئۈچۈن. كىشىدىن ياخشىلىق كۆرسە شۈكۈر قىلمايدۇ، ياخشىلىق قىلغان كىشىنى تىلغا ئالمايدۇ. توڭگۇز، ئېيىقلار ئۇلاردىن ياخشىراق، ئۇلار شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئادەملىك چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋا كىيىش ھايۋانلىق ۋە يىرتقۇچلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇلارنىڭ كۆڭلى چوڭ - كىچىكلەردىن ياتلىشىپ تۇرىدۇ، بۇزۇق خاتىرىسىگە ئوخشاش كۆڭلىدە ھەمىشە گىچىماچىلىق ئۆسۈپ تۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

تەركىدۇنياچىلار خارابات ئەھلى ھەمىشە مەي ئىچىش بىلەن

ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا مەينىڭ ھاۋاسى سۇ ئۇستىدىكى كۆ-
پۇكتەك لەيلەپ يۇرىدۇ. ئۇ، مەي قاچىسىنى بېشىغا قويۇپ ياتىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

بىلىمسىز تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر. جاللات تىغ بىلەن،
بىلىمسىز تېۋىپ زەھەر بىلەن كىشىلەرنى ئۆلتۇرگۇچى قاتىلدۇر.
ئەلشىر نەۋائى

جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چەتتە تۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس.
ۋ. ئى. لېنىن

... ئادەم — مەۋھۇم، قانداقتۇر ئالەمدىن تاشقىرىدا ياشايدىغان
مەۋجۇدات ئەمەس، بۇ — ئىنسان ئالىمى، دۆلىتى، جەمئىيىتىدۇر.
ك. ماركس، ف. ئېنگېلس

ئادەمنى جەمئىيەتتىن سىرتتا تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ.
ئا. ن. تولستوي



ئىنسان ئىنسانغا ھەر جەھەتتىن زۆرۈر.
ن. شېۋچېنكو

ئادەم كۆپلىگەن نەرسىلەرسىزمۇ ياشىيالايدۇ. لېكىن

يالغۇزلۇقتا ياشىيالمايدۇ.

ن. بېرنى

بىرەر خەتەرلىك بولۇۋاتقان جايدا ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن.

ئو. بالزاك

ئادەم جەمئىيەتتە ياشاشقا يارىتىلغان. ئۇنى جەمئىيەتتىن ئاجرىتىپ، يالغۇز قويسىڭىز پىكىرلىرىمۇ تاقىقا ـ تۇققا بولۇپ قالىدۇ. خاراكتېرى بۇزۇلىدۇ. يۈرىكىدە يۈزلەپ غەلىتە ھەۋەسلەر تۇغۇلىدۇ. خۇددى چۆلدە ئۆسكەن ياۋايى تاغالچىگە ئوخشاش، مېڭىسىدە بىمەنە غايىلەر يىلتىز تارتىدۇ.

دىدېرو

كىشى ئادەملەرنىڭ دوستى بولۇشى كېرەك. ئۆزىدە ۋە ئۇلاردا مەۋجۇت پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن، ئۇ ئادەملەرگە قەرزداردۇر.

م. گوركىي

ئادەم جەمئىيەت ئۇچۇن يارالغان. ئۇنىڭ ئۆزىلا يالغۇز ياشىيالماسلىق بىلەن بىر چاغدا، يالغۇز ياشاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ن. ئۇبلەكستوئو

ئادەم يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭغا جامائەت كېرەك.

ئى. گيوتى

قانچىلىك خالىشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئادەمزات تۇرمۇشىدىن ئۆز ھاياتىڭنى ئاجرىتالمايسەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەنسەن. ئاياغ، قول، كۆزگە ئوخشاش بىز ئۆزئارا ئالاقە ئۇچۇن يارىلغانمىز.

مارك ئاۋرېلى

ئادەم تەبىئەتكە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مەۋجۇداتتۇر.

ئارىستوتېل

ئادەم ئۆز تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدات ئىكەن. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىنى پەقەت جەمئىيەتتىلا كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ.

ك. ماركس



ئادەمنى تەبىئەت يارىتىدۇ، لېكىن ئۇنى جەمئىيەت كامالەتكە يەتكۈزىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

تارىخ داۋامىدا ھەممە ۋاقىت ۋە ھەممە جايدا ئىنساننى خەلق يارىتىدۇ.

م. گوركىي

پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىلا كىشى ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىشكە قادىر.

ئى. گيوتى

ئىنسان ئادەملەر ئارىسىدىلا ئادەم بولالايدۇ.

ئى بېخىر

مۇناسىۋەت كىشىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇلۇغۋارلىق بەخش ئېتىدۇ. جامائەت ئىچىدە ئادەم ھەرقانداق ساختىپەزلىكنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى ئىختىيارسىز باشقىچە تۇتىدۇ.

د. فېيېرباخ

يەككە ئادەم يالغۇز قالغان روبىنزونغا ئوخشاش ئاجىزدۇر. پەقەت باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىقلا ئۇ كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن.

ئا. شوپىنگائوئېر

كىشىلەر يەككە ھالدا قىلالمىغان كۆپ ئىشلارنى بىرلىشىپ

ئەمەلگە ئاشۇرۇشلىرى مۇمكىن. ئەقىل ۋە قوللار بىرلىشىپ، يە-
غىلىپ دېگەندەك ئىلاھىي بىر قۇدرەتكە ئايلىنىدۇ.

ژ. ئۇئەبستېر

يەككە - يېگانىلىق ئىنساننىڭ ئىشى ئۇچۇن بەكمۇ يامان.
ئىنسان بىرەر نەرسىگە ئىگە بولماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق
ۋە مەنىۋى ياردەم زۆرۈر.

ئى. گيوتى

كوللېكتىپ ئىشلەشنى ئۆگەن. كوللېكتىپ ئىشلەشنى ئۆ-
گىنىش بىرىنچى نۆۋەتتە تەنقىدنى توغرا قوبۇل قىلىش ۋە باشقى-
لارنىڭ خاتاسىنى تەنقىد قىلىشتىن تارتىنماسلىقتۇر.

ن. د. زېلىنسكىي

ئادەم ئەگەر پەقەت ئۆز - ئۆزى بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولسا،
پەقەت ئۆزى ھەققىدىلا ئويلىسا، چەكسىز ئازابقا قېلىشى مۇقەررەر.

ب. پاسكال



يەردىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، قۇملۇق - چۆل جەزىرىگە تاشلانغان
گىياھ ھالاك بولغاندەك، شەخسىي بەختمۇ جەمئىيەتتىن سىرت
مەۋجۇت بولالمايدۇ.

ئا. ن. تولستوي

ھەقىقىي ھالدا باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقىدىن بەھرە تاپقاندىلا ھايات ھۇزۇرلۇق بولىدۇ.

ئى. گيوتې

ئەگەر ساخا ئادەملەر كاشىلا قىلسا، ئۇ ھالدا سەن ئۇچۇن ياشاشنىڭ مەنىسى قالمايدۇ. ئادەملەردىن يىراقلىشىش بولسا، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تەڭ.

ل. ن. تولستوي

پەقەت كوللېكتىپ ئەمگەككە قاتنىشىشلا ئادەمنى باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن توغرا مەنىۋى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئۆگىتىدۇ، ھەربىر ئەمگەكچىگە سەمىمىي ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت، ئەمگەكتىن باش تارتقان ھورۇن كىشىلەرگە مۇرەسسە قىلماسلىق روھىدا تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئا. س. ماكارېنكو

كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى تەڭداشسىز ئىستىبدات ياكى قۇدرەتلىك خۇدا دەپ ھېسابلىغۇچىلارنىڭ ھالى قۇرۇسۇن. كوللېكتىپ ھەمىشە ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ ۋە ھاياتىنى مۇستەھكەم ئىزغا سالىدۇ.

ن. ئا. ئوستروۋىسكي

شەخسىيەتچىلىك —ئاشكارا ئاجىزلىق.

م. م. پىرشۋىن

شەخسىيەتچىلىك ياكى ئۆزىچە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قې-
لىش، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزچە، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك
مەنىسىز ھالەتتۇر.

ئا. ن. تولىستوي

كىم «باشقا ئادەملەرسىز مۇ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈۋېرىمەن» دېسە،
خاتا قىلغان بولىدۇ. يەنە شۇنىڭ بىلەن كىمكى «مەنىسىز ئادەم-
لەرگە قىيىن بولىدۇ» دەپ ئويلىسا، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك
خاتالىشىدۇ.

ف. لاروشفېك

ئادەم ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولسىمۇ، يەنىلا كوللېكتىپ-
نىڭ دانالىقى ۋە قۇدرىتىگە يېتەلمەيدۇ.



ن. ئا. ئوستروۋىسكي

كوللېكتىپ ئادەمنى پائالراق، قەتئىيرەك ھەرىكەت قىلىش
ئۈچۈن، ھاياتنى قۇرۇش ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئىرادىسىدىن غەي-
رەتكە كېلىدىغان پۈتۈنلەي باشقىچە ئىندىۋىدۇئال پسىخولوگىيە

www.uyghurkitap.com

بىلەن يارىتىدۇ.

م. گوركىي

تەنھالىق — بىر خىل ئۆلچەمدىكى قان ئايلىنىشقا موھتاج بولغان ساغلام ئورگانىزمغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كوللېكتىپ بىلەن بىرلىشىپ كېتىشنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ئاسراپ قېلىشقا دەخلى قىلمايدۇ.

ر. روللان

كوللېكتىپ — قانداقتۇر ئېنىقسىز توپ ئەمەس، ئۇ، ئۆز شەخسىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى بىرلەشتۈرگەن باي خەزىنىدۇر.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

شەخس كوللېكتىپ بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزىنى يوقاتمايدۇ. بەلكى، ئۇ كوللېكتىپتا مەنىۋىيەت ۋە كامالەتنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئا. باربىيوس

سوتسىيالىزم شەخسنى بەربات قىلمايدۇ. بەلكى، سوتسىيالىزم شەخسنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. ھەمدە ئۇ، شەخس كامالىتى-

نىڭ ئۆزىدۇر.

ئا. باربىيوس

سوتسىيالىزم —بۇ ئادەم شەخسىنىڭ يېڭى ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى دېمەكتۇر.

پ. تولياتتى

كوممۇنىزمنىڭ مەقسىتى — ھەربىر كىشىنىڭ ئازادلىقى، روناق تېپىشىغا كاشىلا بولىدىغان، ھەممە ماددىي ۋە مەنىۋى شەرت ـ شارائىتلارنى يوق قىلىشتۇر.

ر. روللان

جەمئىيەت بايلىقى ئۇنى تەشكىل قىلغان شەخسلەرنىڭ خىلمۇ خىللىقىدىن تەركىب تاپىدۇ. چۈنكى، تەربىيىنىڭ ئالىي مەقسىتى ئىنساننىڭ ئۆزى.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكي



شەخس پەقەت كوللېكتىپتىلا ئۆز قابىلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان ۋاستىلەرنى ئېلىشنى بىلەلەيدۇ. دېمەك، شەخس ئازادلىقى پەقەت كوللېكتىپلا بولۇشى مۇمكىن.

ل، ماركس، ف. ئېنگېلس

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ئادەملەردىن ئاجرىتىدىغان ئىشلارنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا باغلايدىغان ئىشلارنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلىدۇ.

ل. ن. تولستوي

باشقا ئادەملەردىن ئۆزىنى ئايرىغان ئادەم ئۆز بەختىگە زامىن بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى قانچىلىك ئايرىسا، ھاياتى شۇنچىلىك يامانلىشىدۇ.

ل. ن. تولستوي

بىز ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر سېكۇنتىدا، بىزنى باشقا ئادەملەردىن نېمىنىڭ ئايرىۋاتانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن بىزنى نېمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇۋاتانلىقىنى ئىزلىشىمىز كېرەك.

ج. رېسكىن

جەمئىيەت ھاياتى بىلەن ئۆز ھاياتىڭنى قوشۇشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇ زاھىتلىق ئەمەس، بەلكى شەخسىي ھايات ئەنە شۇنداق قوشۇلۇش سەۋەبلىرىدىنلا بېيىيدۇ. شۇ چاغدىلا ئومۇم ئىشى ھەممە ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئايلىنىدۇ. ھايات بۇنىڭلىق بىلەن نامراتلاشمايدۇ. بەلكى، شۇنداق روشەنلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنىدۇ.مىشچان ئائىلە ھاياتىدا بۇنداق ھالەت ھېچقاچان

يۈز بەرمىگەن.

ن. ك. كوروپسكايا

بىز شۇنىڭغا ئىنتىلىشىمىز كېرەككى، ئۆز شەخسىي ھاياتىمىزنى كۈرەش ئىشى بىلەن، كوممۇنىزم قۇرۇش ئىشى بىلەن باغلىشىمىز زۆرۈر.

ن. ك. كروپسكايا

كوممۇنىست ئەڭ ئاۋۋال ئىجتىمائىي ئىنساندۇر. ئىجتىمائىي تۇيغۇلىرى ئۆتكۈر، ھەممە ئادەملەرنىڭ ياخشى ياشىشىنى، ھەممە ئادەملەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالىغۇچى ئىنساندۇر.

ن. ك. كروپسكايا

ئومۇم پاراۋانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسى قەلبىنىڭ زۆرۈرى ئېھتىياجىغا، شەخسىي بەخت شەرت ـ شارائىتىغا ئايلىنىش كېرەك.



ئا. پ. چېخوف

ئادەم ئىجتىمائىي، دۆلەت مەنپەئەتلىرىگە قانچىلىك كەڭ نەپ يەتكۈزسە، ئۇ شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

د. ئى. مېندېلىيېف

باشقىلارغا يارقىن نۇر بولۇش، ئۆزۈڭگىمۇ نۇر تارقىتىشنىڭ —ئىنسان ئاسانلىقچە ئىگە بولغىلى بولمايدىغان ئالىي بەختتۇر، شۇ چاغدىلا ئىنسان ئازابتىنمۇ، ئاغرىقتىنمۇ، غەمدىنمۇ، موھتاجلىقتىنمۇ قورقمايدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇ ھاياتنى ھەقىقەتەن ئەمدىلا سۆيۈشنى ئۆگەنگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ.

ف. ئە. دزېرژىنىسكىي

خەلق ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش — كىچىككىتۇرۇشكە بولمايدىغان ۋەزىپىدۇر.

ۋ. ھيۇگو

ئەگەر ئادەم پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، ئېھتىمال، ئۇ مەشھۇر ئالىم، بۈيۈك دانىشمەن، ئاجايىپ شائىر بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھېچقاچان تولۇق مەنىدىكى كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ ئىنسان بولالمايدۇ.



ك. ماركس

كىمنىڭ يۈرىكى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ھەقىقىي بۈيۈكتۇر.

ر. روللان

بەختىمىزنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن، ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە ياردىمىگە موھتاجمىز؛ ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ بەختى يولىدا تەر تۆكۈشكە قانچىلىك تەييار تۇرساق، ئۇلارمۇ شۇ دەرىجىدە بىزنى سۆيۈشى ۋە ھۆرمەتلىشى، پىلانلىرىمىزنى ئىجرا قىلىشتا ياردەملىشىشى، بىزنىڭ بەختىمىز يولىدا تەر تۆكۈشكە رازى بولۇشى تەبىئىي. بۇ زۆرۈر ئالاقىنى مەنىۋى مەجبۇرىيەت، مەنىۋى ۋەزىپە دەپ ئاتايمىز.

پ. گولباخ

شەخسنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆسۈ- شى، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئىجتىمائىي شەكىلدە قارار تېپىشى — مېنىڭ نەزىرىمدە، تەرەققىيات دەپ ھېسابلاش مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ قىسقىچە فورمۇلاسىدۇر.

پ. ل. لاۋروف



تەرەققىيات تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەتتۇر.

گ. سپېنسېر

مەدەنىي تەرەققىيات دېگەن نېمە؟ بۇ ئالغا كېتىۋاتقان ئىنسان ئەقلى ھەر قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان دائىمىي كەشپىياتلاردۇر:

تەرەققىيات سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ۋ. ھيۇگو

تەرەققىيات — تەبىئەت قانۇنى. ئۇنىڭ توختاپ قېلىشى — جەمئىيەتنىڭ ئاستا ـ ئاستا خورىشى دېگەن سۆز؛ تەرەققىياتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇنىڭ توختىشىغا يول قويماسلىق ھەربىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

ۋ. ۋېيتلىڭ

پەن تەرەققىياتى ئالىملارنىڭ ئەمگىكى ۋە ئۇلار ياراتقان كەشپىياتلارنىڭ قىممىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ل. پاستېر

پەن ۋە مائارىپتا سىياسىي تەرەققىياتتىن خالىي بولغان ئالاھىدە ھېچقانداق تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئو. يو. شمىدت

ھاياتتىكى بىردىنبىر بەخت — ئۇزلۇكسىز ئالغا تەلپۈنۈشتۇر.

ئې. زولا

تەرەققىياتنى رەت قىلىش خۇددى ئېغىرلىق كۈچىنى رەت قىلىشتەك بىمەنىلىكتۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

چەكسىزلىككە ئىنتىلمەي تۇرۇپ ھاياتمۇ، ئۆسۈشمۇ تەرەققىيات بولمايدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ھەربىر يېڭىلىقتا گەرچە تەرەققىيات يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەرەققىيات ئىنتىلىش ئەكس ئېتىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

نېمىكى ئۆسمىسە، ئۇ ياشىمايدۇ. نېمىكى ياشىمايدىكەن، ئۇ ئۆلىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

كۈرەش ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەڭداشسىز خۇشاللىقتۇر.

ف. ۋولتېر

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كۈرەشسىز تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

م. توربېز



يېڭىلىقنى پېشانە تەرى بىلەن يارىتىش كېرەك. كونا نەرسە بولسا ئۆزى ياشاۋېرىدۇ ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ھاسىسىغا تايىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇستەھكەم تۇرۇۋېرىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

ئەگەر ئادەم پۈتكۈل قەلبى بىلەن بۈيۈكلۈك ۋە ئادالەتكە ئىنتىلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ ياكى كىچىك ئىش يوق. بۇ ھالەتتىكى ھەممە ئىشلار بۈيۈكلۈككە، دائىملىقتا ۋە نەتىجىگە ئىگىدۇر.

ك. گ. پائۇستوۋىسكىي

مۇسەھكەم ھاياتىي بىخقا ئىگە بولمىغان مەۋجۇداتلا ۋاقىت ئېقىمىدا يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ياشاشقا ئەزىمەيدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

پەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي ئەقلىدۇر، ئۇ ئىنسان ئۆز جىسمى ۋە قېنىدىن ياراتقان قۇياشتۇر، ئىنسان مۇشەققەتلىك ھاياتتىكى زۇلمەتنى يورۇتۇش ئۈچۈن، ئازادلىقتا، ئادالەت ۋە گۈزەللىككە يول تېپىش ئۈچۈن، شۇ قۇياشنى ئىجاد قىلىپ، نۇرلاندۇرۇپ قويغان.

م. گوركىي

پەن —دەۋرىمىزنىڭ نىرۋا سىستېمىسىغا ئايلىنىۋاتماقتا.

م. گوركىي

پەن  كۇچتۇر؛ ئۇ نەرسىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇلارنىڭ قا-نۇنىيەتلىرى ۋە ئۆزئارا خاراكتېرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

پەن —ۋەتەننىڭ ئەڭ يۇكسەك قىياپىتى بولۇشى زۆرۈر، ئەسلىنى ئالغاندا، ھەممە خەلقلەر ئىچىدە پىكىر ۋە ئەقلىي پائالى-يەت ساھەسىدە باشقىلاردىن ئۇزاپ كەتكەن خەلقلا بىرىنچى ئورۇننى ئالىدۇ.

ل. پاستېر

پەننىڭ خىزمىتى ياردەمچىلىك. پەنلەر پاراغەتكە ئىگە بولۇش ۋاسىتىسىدۇر.

ر. ئى. مېندېلېيېۋ

ھەممە پەنلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە قانۇنىي مەقسىتى ئىنسان ھا-ياتىنى يېڭى ئىختىرالار ۋە بايلىقلار بىلەن تولدۇرۇشنى بىلىشتىن ئىبارەت.



ف. بېكون

ئومۇمىي مەنپەئەت يولىدا، بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزدە پەننىڭ تە-رەققىي تېپىشى ئۇچۇن، ئۆز ئاناڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن

تەقدىرىڭدىمۇ گۇناھ دەپ ھېسابلىمايمەن.

م. ۋ. لومونوسوف

پەن ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاجايىپ ۋە زۆرۈر نەرسىدۇر.

ئا. پ. چېخوف

پەننىڭ تەرەققىياتى، ئېھتىمال مىللەتنىڭ ماددىي جەھەتتە گۈللەپ ياشنىشىدىنمۇ كۆپرەك ئۇنىڭ ئەخلاقىي راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. پەن — ئەقىل ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىنى ئۆستۈرىدۇ؛ پەن —بۈيۈك غايىلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە تەنتەنىسىگە شارائىت يارىتىدۇ.

ل. پاستېر

ئەگەر پەنلەر ۋە سەنئەتلەر بولمىغاندا، ئىنسان ۋە ئىنسان ھاياتىمۇ بولمايتتى.

ل. ن. تولستوي

ئۈچ نەرسە مىللەتنى بۈيۈك ۋە ساخاۋەتلىك قىلىدۇ: ھوسۇللۇق يەر، راۋاجلانغان سانائەت ھەمدە ئادەملەر ۋە تاۋارلار ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى.

ف. بېكون

پەن ئۇچۇن، پەن يوق. سەنئەت ئۇچۇن، سەنئەت يوق، — ئۇلا-رنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت ئۇچۇن، ئادەمنى يەنىمۇ ساخاۋەتلىك قىلىش ئۇچۇن، يوكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۇچۇن، ئۇنى بىلىم ۋە ھاياتنىڭ ماددىي ئاسانلىقلىرى بىلەن بېيىتىش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ.

ن. ئا. نېكراسوف

ئىنسانىيەت ھاياتىنى يېنىكلەشتۇرگۇچىمۇ، ئۇنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىنى ئازايتقۇچىمۇ، ھەمدە ھەرقانداق تەرەققىياتنىڭ ئاسا-سىمۇ پەندۇر.

م. سكلودوۋسكايا - كيورى

ھەرقانداق خاتالاردىن قەتئىينەزەر، پەن ھاياتتا ئەڭ ياخشى مۇستەھكەم ۋە ئەڭ نۇرلۇق تايانچىدۇر.

ك. ئا. تىمىريازېف



پەن خەلققە سۇ ۋە ھاۋادەك زۆرۈر. ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرمىغان مەملىكەت، شۇبھىسىز مۇستەملىكىگە ئايلىنىدۇ.

ف. ژولئو - كيورى

پەن ئادەمزات توپلىغان مىسلىسىز بىلىملەر خەزىنىسىدۇر.

ن. ك. كروپىسكايا

پەن خالىس خىزمەت قىلغانلارغا ئاجايىپ ئىستىقباللار ئاچىدۇ.

ف. ژولىئو ـ كيۇرى

پەن يەر شارىدا تارقاق ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ پىكرىنى جىپ-سىلاشتۇرغۇچى ئاساسىي ئېلېمېنتتۇر ۋە بۇ ئۇنىڭ يۇكسەك مەق-سەتلىرىدىن بىرىدۇر. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىنسان پائالىيىتىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇنچىلىك ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان باشقا بىرەر ساھە بولمىسا كېرەك.

ف. ژولىئو ـ كيۇرى

مىللىي كۆپەيتىش جەدۋىلى بولمىغىنىدەك، مىللىي پەنمۇ يوق.

ئا. پ. چېخوف



پەن ۋە سەنئەت ئادەملەر ئۇچۇن خۇددى تاماقتەك، سۇدەك، كىيىم ـ كېچەكتەك، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ كۆپرەك زۆرۈردۇر.

ل. ن. تولستوي

قەيەردىكى پەن يۇكسەككەن،
ئۇندا يۇكسەك ئىنسانمۇ.

ئا. ئى. پولېژايېف

پەن روھىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايدا ئاز نەرسە بىلەنمۇ كاتتا ئىشلار يارىتىلىدۇ.

ن. ئى. پىۋوگوف

پەن —تەبىئەتكە بېقىنىدىغان بىلىمدۇر.

گ. سپېنسېر

پەن، تەپەككۇرنىڭ دۇنيادىكى بىز بىلگەن ھەممە ھادىسىلەرنى مەلۇم ئۇسلۇب ۋاستىسى بىلەن بىر يەرگە جەملەش يولىدا كۆپ ئەسىر چارچاشنى بىلمەي قىلغان ئەمگىكىدۇر.

ئا. ئېينېشتېين



پەن بارلىقنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ف. بېكون

سوئال ئالامىتى ھەرقانداق پەننىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئو. بالزاك

ئەجەبلىنىش بىلىمىمىزنىڭ چېگراسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆڭۈل پىنچە نەرسىلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئەمەس، بەلكى ئەقلىمىز-نىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ف. لاروشفېك

ھەيران بولۇش ئۈچۈن، بىر مىنۇت ۋاقىت كۇپايە، بىرەر ھەي-ران قالارلىق نەرسە يارىتىش ئۈچۈن، قانچىلىغان يىللار كېرەك.

ك. گېلۋېتسي

تەبىئەت ئىنساننى زۇلمەت بىلەن ئورىغان، ھەمدە ئىنساننى مەڭگۈ يورۇقلۇققا ئىنتىلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ئى. گيوتى

پەن، ئىنسان روھىنى جەڭگىۋار قىلىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي يولىدۇر.

ج. برونو



ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىكى مۇكەممەلسىزلىكنى پەن ياردىمى بىلەن تۈزەشكە قادىر.

ئى. ئى. مېچنىكوف

ئادەملەر پەندىن باشقا قۇۋۋەتلىكرەك ۋە غالىبانە كۈچ يوق.

م. گوركىي

يەر يۈزىدە ئەمگەك ۋە پەندىن يۈكسەكرەك ھېچقانداق كۈچ يوق.

م. گوركىي

بىز ئۈچۈن... پەن ھەقىقەتەنمۇ تەن ۋە قانغا سىڭىپ كېتىشى، تولۇق ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە كۈندىلىك ھاياتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك.

ۋ.ئى.لېنىن

ئۆلۈك خەزىنىلەرنى تىرىك، بىز ئۈچۈن پايدىلىق كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئىنتىزاملىق ئىرادە، ئىلمىي بىلىم ۋە تېخنىكىۋى ئەپچىل قوراللار كېرەك.

م. گوركىي



رەڭمۇ رەڭ كەشپىياتلار بىلەن بارلىقنى تەقدىم قىلغۇچى ئىنسان پائالىيىتىنى ئون ھەسسە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قانات بەرگۈچى پەن ئەسىرىمىزنىڭ بۈيۈك قوشىقىدۇر.

ئې. زولا

پەننىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئەۋزەللىكى ئادەملەرنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە زېھنىنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن، ئۇلارغا كەلتۈرىدىغان مىسلىسىز پايدىسىدا مۇجەسسەملەنگەندۇر.

د. ئى. پىسارېف

پەن پۈتۈنلەي تەپەككۇر ساھەسى ئەمەس. ئۇ دائىم ئەمەلىيەت جارى قىلىنىدىغان ۋە دائىم ئەمەلىيەتتىن كۈچ ئالىدىغان تەپەككۇر ساھەسىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ، پەننى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ژ. بېرنال

بىز ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىشقا، پەن بىلەن ھاياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشىگە، ئەمەلىي ھەقىقەت ۋە ئەخلاقىي راستچىللىققا خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىشىمىز زۆرۈر.

ك. ئا. تىمىريازېف



پەن چەكسىزلىكنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلگەچكە، ئۇنىڭ چېگراسى يوق، ھەمدە جاھان مىقياسىدا تارقالغىنى ئۈچۈن، ھەقىقىي

خەلقچىللىقتا ئىگىدۇر.

د. ئى. مېندېلېيېف

پەن مۇكەممەل بىر كىتاب بولمىغان ۋە ھەم ھېچقاچان بول-مايدۇ. ھەربىر مۇھىم ئۇتۇق يېڭى سوئاللارنى ئۇزلۇكسىز تۇغدۇ-رىدۇ. ھەرقانداق تەرەققىيات ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىدىن - يېڭى ۋە يەنىمۇ چوڭقۇرراق قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئا. ئېينشتېين

بىلىم مۇكەممەل، كرىستال ھالغا كەلگەن ئۆلۈك نەرسە ئە-مەس، ئۇ ئەبەدىي يارىتىلىدۇ. ئەبەدىي ھەرىكەتتە بولىدۇ.

د. ن. پريانىشنىكوف

كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇچۇن، بىز ئېھتىمال، ئىنسانىنىڭ باشقا ھەممە پائالىيىتىگە قا-رىغاندىمۇ پەن ئالدىدا كۆپرەك قەرزدارمىز.

ف. ژولىئو - كيۇرى



ھەرقانداق ئىلمىي ئەمگەك، ھەرقانداق كەشپىيات، ھەرقانداق ئىختىرا ئومۇمنىڭ ئەمگىكىدۇر، ئۇ بىر قىسىم زامانداشلارنىڭ كوپېراتسىيىسى، بىر قىسمى ئۆتكەن دەۋرلەردە ياشىغانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەكتىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

م. گوركىي

پەن كوللېكتىپىنىڭ ئىجادىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەسىرلەر داۋامىدا قۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ بىر ئىمارەتكە ئوخشايدۇ. بۇ يەرگە ھەربىر ئادەم بىردىن خىش ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، مۇشۇ خىشنى كەلتۈرۈشكە كۆپىنچە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كېتىدۇ.

ئا. پوئانكارې

ئىقتىسادشۇناس دائىما ئالغا، تېخنىكا تەرەققىياتى تەرەپكە قارىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ پاتلا ئوتتۇرىدا قېپقالىدۇ، چۈنكى، كىم ئالغا قاراشنى خالىمىسا، ئۇ تارىخقا تەتۈر قارىغان بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

ھەممە يەردە ماشىنىلارنىڭ كۈچىنى كۆپرەك جارى قىلدۇرۇشقا، ماشىنا تېخنىكىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەڭرەك قوللىنىشقا ئۆتۈش كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن



ھازىرقى جەمئىيەتتە ماشىنىسىز، ئىنتىزامسىز ياشاش

مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىش كېرەك — يا ئالىي تېخنىكىنى ئىگىلەش، ياكى يانجىلىپ كېتىش كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن

قول ئەمگىكىنى ماشىنا ئەمگىكى بىلەن ئالماشتۇرۇش... ئادەملەر ياراتقان تېخنىكىنىڭ پۈتۈن ئىلغارلىقى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت.

ۋ. ئى. لېنىن

ئىشلەپچىقىرىش جەريانى پەننىڭ تېخنولوگىك قوللىنىشىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

ك. ماركس

پەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى يېنىكلەشتۇرۇشكە، ھايات شارائىتىنى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياخشىلاشقا خىزمەت قىلىدۇ.

ئا. ن. باخ



مەدەنىيەت ئۆز ئاساسى بىلەن ئالغا سىلجىشقا خىزمەت قىلىشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى ئارقىسىدا ئەمگەكچىلەر ئۇنۇمسىز قول ئەمگىكىدىن خالاس بولۇشلىرى كېرەك.

ئا. ۋايتخېد

www.uyghurkitap.com

تەبىئەت پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەسلىي ئۆلى ـ نېگىزىدىن ئىبارەت. تەبىئەت تۈزۈلمىسى ۋە قانۇنىيەتلىرى پۈتكۈل دۇنيا تۈزۈلمىسى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت. تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك راۋاجلىنىشىدىن مۇستەسنا ھالدا جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تەكىتلەش ھاجەتكى، چەكسىز ئالەمدە ئىجتىمائىي ھايات پەقەت ئۇچقۇندىن ئىبارەت. تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپ ئېتىبارى بىلەن ئەزەلدىن زىت ئەمەس، ئۇنى زىت قىلىپ قويماسلىق لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تەبىئەت تەرەققىياتىسىز ئىنسانىيەتنى ۋە ئۇنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ ئۇيۇشقان پائالىيەتچان تۈركۈم شەكلى ۋە مۇناسىۋەت شەكلى بولغان جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، سەنئەت ۋە سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



تەبىئەتتە گۈزەللىك مەۋجۇت. مەيلى ئەسلىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بولسۇن ياكى ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بولسۇن تەبىئەتتە گۈزەللىك، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ۋە

قانۇنىيەتلىرى مەۋجۇت. تەبىئەت ئەڭ ئاساسىي دائىرە ۋە تۈپ ئې-تىبارى بىلەن ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ بىرلەمچى، ساپ خاقانلىقى-دىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئېستېتىكىلىق، ئەڭ ئالدى بىلەن تەبىئەت گۈزەللىكى ھەق-قىدىكى ئېستېتىكىلىق، ماھىيەتتە ئەسلىدىكى تەبىئەت گۈزەللى-كىنىڭ ئىنسان ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئاۋۋال ۋە ئەزەلدىن ئەسلىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بولىدۇ، ئاندىن ئىنسانىيەتكە خاس ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بولىدۇ؛ ئېستېتىكىلىققا قارىتىپ ئېيتقاندا، ئاۋۋال ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بولىدۇ، ئاندىن باشقا ئېستېتىكىلىق ھادىسىلەر، جۈملىدىن سەنئەت گۈزەللىكى ھادى-سىلىرى بولىدۇ. بۇ تەرتىپنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش سۇب-يېكتىپ، خىيالىي جەھەتتە مۇمكىنىدەك قىلسىمۇ، ئالەمنىڭ تۆ-مۈر قانۇنىيىتى ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۆز تۈزۈلمىسى جەھەتتىن تەبىئەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەرەققىياتىنىڭ ۋە

ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. ئىنساندىكى بى-لىش ئىقتىدارى، بىلىش سەزگۈلىرى، تەپەككۇر مەنتىقىسى، پائال-لىيەت ئۆلچەملىرى تەبىئەتتىن ئايرىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇتلەق مەنىدە قارىمۇ قارشى بولغان ھالەتتە يۈز بەرمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى تەبىئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى بولغان ئىنساننىڭ ئېستېتىك قارىشىدا، قارىشى ئارقىلىق قايتا ئىنكاس قىلىنغان، قايتا ئىپادىلەنگەن تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىيلىق ۋە سۇبيېكتىپ ئامىل ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى قاتلىمىغا قوشۇلغان ئىككى ئامىل بولۇپ، ئۇ يەنىلا تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئەسلىي ئوبيېكتىپلىقىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇرەككەپ مۇجەسسەملىك — يۇقىرى قاتلامدا تۇرغان ئو-لۇغۋار نەرسىلەرنىڭ تەركىبىي ئالامىتىدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ شۇنداق، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر دۇنياسىدىمۇ شۇنداق. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلغانلىق ياكى گۆدەكلىك، ياكى جاھىللىق-تىن دېرەك بېرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»دىن

تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئاچقاندىلا روناق تاپقىلى، تەرەققىي قىلـ
غىلى بولىدۇ. بۇمۇ ھازىرقى كۈندە دۇنياغا پۈر كېتىۋاتقان نەزەرد
يىگە، تېرمودىنامىكىنىڭ ئىككىنچى قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا
كەلگەن ئېنتروپىيە نەزەرىيىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاشقى دۇنـ
يادىن داۋاملىق ھالدا قۇۋۋەت ـ مەدەت ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ
تۇرغاندا، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»تىن

جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىمە، قاتلاممۇ قاتلام ئىكەن، ئۇنىڭغا
بىرلا نۇقتىدىن قارىغاندا، چالا بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»تىن

دۇنيا بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيادىن ئىبارەت. بىر پۈتۈن ماددىي
دۇنيانىڭ سىرتىدا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا پاراللېل تۇرغۇچى
ئىككىنچى دۇنيا، روھىي دۇنيا، ئىلاھىي دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس.
جەمئىيەت ۋە روھىيەت دۇنياسى ماددىي دۇنيانىڭ راۋاجلىنىش
مەھسۇلىدىن، ئۇنىڭ تاكامۇللاشقان بىر شەكلى ۋە بىر ھالىتىدىن
باشقا نەرسە ئەمەس، ئەڭ ئېلېمېنتار ماددىي تۈزۈلمىنى ئىنكار
قىلىپ، مۇنداق تاكامۇللاشقان شەكىل ۋە ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىـ
لىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلام نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ مېتودولوگىيىلىك قىممىتى» دىن

www.uyghurkitap.com

تەبىئەت سېھرىلىك كۈچ سۈپىتىدە سېغىنىلىدىغان باشلانغۇچ ئېتىقاد ھەممە خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، تولىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مۇنداق ئېتىقاد ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ دۇنيا قارىشى — تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ۋە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئوخشىمىغان شەكىلدە گەۋدىلەنگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلاھىيەت قاراشلىرى» دىن

پەلسەپىلىك بىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىك ئالامىتى دۇنيا ھەققىدىكى ئومۇمىي كۆزقاراشتىن ئىبارەت. دۇنيا قاراش— دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى ھەققىدىكى ئەڭ تۈپكى ۋە ئەڭ ئومۇمىي كۆزقاراش بولۇپ، ئۇ كونكرېت، جۇزئى نەرسىلەر ئۈستىدىكى بىۋاسىتە ئىدراك ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان، كاتېگورىيىلەشتۇرۇلغان تەپەككۇرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات كۆز قارىشى توغرىسىدا» دىن



ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىشى مەيلى يەكۈن جەھەتتىن بولسۇن ياكى چىقىش نۇقتىسى جەھەتتىن بولسۇن ، تاشقى دۇنيانى

بىر پۈتۈن جەھەتتە چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشقا موھتاج بولىدۇ. ئو-
مۇملاشتۇرۇشسىز، كاتېگورىيىلىك ئىزاھلاشسىز ئۇقۇمنىڭ بو-
لۇشى، تەپەككۇرنىڭ بولۇشى، پەلسەپىۋى بىلىشنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق ئومۇملاشتۇرۇلغان چۈشىنىش ۋە كاتېگو-
رىيىلىك ئىزاھلاش بولمىغاندا ئىدى، جۈزئى بىلىش سىستېملاش-
مىغان، ھېسسىي بىلىش ئەقلىي بىلىشكە قاراپ ئىزچىللىشال-
مىغان، ئىنسانىيەتمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا باش - ئاياغسىز ھەيران-
لىقتىن خالىي بولمىغان بولاتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات كۆز قارىشى توغرىسىدا» دىن

ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى مۇئەييەن ماددىي ئامىللار ئاساسىدا
ئومۇملاشتۇرۇپ بىلىشى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن.
تەپەككۇر ئىقتىدارىغا مۇيەسسەر بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى
گورۇھلىرى تارىخنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتى-
مائىي ئەمەلىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە يارىشا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى
توغرىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىزاھات بېرىپ كەلگەن. بۇ ئىجتى-
مائىي ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىغا ماسلاشقان ھەر
خىل بىلىش فورماتسىيىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات كۆز قارىشى توغرىسىدا» دىن

www.uyghurkitap.com

ياش گىياھقا ئوت تۇتاشمايدۇ، ئەلچىگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

دېھقاندا كۆپ خاسىيەت بار، شۇڭا جاھاندا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تەرىپلىمەيدىغان ھېچقانداق مەملىكەت يوق، جاھان خەلقى دېھقانغا موھتاج.

تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى

قۇياش چىققاندا ئاسماندا ئاينىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، ئەگەر باغدا بىر چىنارنىڭ سايىسى كەم بولمىسىمۇ، چىرايلىق سەرۋى دەرىخى كۆكلىسىلا، باغنىڭ گۈزەللىكى ئېشىۋېرىدۇ.

موللا سىدىق يەركەندى

قاتتىق تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەگەر تۆمۈرگە دېڭىز سۈيىنى قۇيسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسى-مۇ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە، ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يې-تىپ كېلىشى يېقىن.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. ياشلىق ۋە قېرىلىق تەقدىر ئالدىدا با-راۋەردۇر. دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدات ئەبەدىيلىككە ئىگە ئەمەس. شام ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن بەزمىلەرنى زىننەتلىسىمۇ، لېكىن شامال ئالدىدا ئاجىزدۇر، بوستاندا مىڭلىغان گىياھلار ئۆسسىمۇ، ئاخىرى يوقالماي قالمايدۇ.

موللا سىدىق يەركەندى

ئەقىل پەردىسىنىڭ ئىشق ئوتىنى تىنچىتىش ۋە يوشۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ، زەررىچىلەرنىڭ قۇياش نۇرلىرىنى توسۇشقا ما-جالى يەتمەيدۇ، كۆپۈكنىڭ دەريانى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

موللا سىدىق يەركەندى

چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مېھنىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پايدىسىز مېھنەتتۇر.

ئەبۇ نەسىر فارابى

بۇ ئالەمدە پەيدا بولغان ھەرقانداق نەرسە ئاخىر يوقىلىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس، ھۇزۇرلىنىش مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشايدۇ، يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ، قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ، ئاجىزلىشىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

دۇنيادىن ھەممە كېتىدۇ، ئۇنىڭ چېكى يوق. كۈندۈز قانچىلىك ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى كەچ بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

ئېقىن سۇ كۆپ تۇرسا لەززىتى بولمايدۇ، كىشى كۆپ تۇرسا، ئىززىتى بولمايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئاددىي نېمەتنى خار كۆرگەن كىشى يېمەك ـ ئىچمەككە زار بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

كىمكى ئۆلۈمدىن قاچسا، ئۆلۈم شۇنىڭغا يېپىشىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشىدۇ، قىيىنغا قاتتىقلىق.

مەھمۇد قەشقەرى

ئەدەپ ـ يوسۇن جەمئىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن ئۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەپ، جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىنى ئاشۇرىدۇ. بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئەدەپ ـ يوسۇن ھەققىدە ئۆزىگە تۈشلۈق قائىدە ـ نىزامى بولىدۇ. خۇددى باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلار قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلغىنىدەك، باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئەدەپ ـ يوسۇن نۇقتىسىدىن قوپاللىق بىلەن كاشىلا قىلغانلارمۇ ئەل ـ جامائەتنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

چۈمۈلە كىچىك جانىۋار بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتە ناھايىتى ئەقىللىق، ئەمما مېۋىلىك باغقا زىيانلىق جانىۋار. شەخسىيەتچى ئادەممۇ بەئەينى چۈمۈلىگە ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغىنى، ئادەمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدىغىنى جەمئىيەتتۇر.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

تەبىئەتنى كونترول قىلماقچى بولغان ئادەم، ئۇنىڭغا

بويسۇنۇشى كېرەك.

فرانس بېكون

تەبىئەتنىڭ ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ.

جون لى لى

تەبىئەت —ھەربىر بوشلۇق، بارچە ئۇنتۇلغان شەيئىلەر ۋە پىنھان جايلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. بارلىق جانلىق، جانسىز شەيئىلەرگە ھاياتىي كۈچ (بەخش ئېتىدۇ) ئاتا قىلىدۇ.

بوستون

تەبىئەت —كومېدىيە بولۇشقىمۇ ۋە تراگېدىيە بولۇشقىمۇ ماس كېلىدىغان بىر لايىھىدۇر (مۇھەببەتتۇر).

زالىپ ۋالدو ئېمېرسون

بىزنىڭ ياشىيالىشىمىز — تەبىئەتنىڭ ئىنئامىدۇر. ياخشى ياشىيالىشىمىز پەلسەپىنىڭ ئاتاسىدۇر. ياخشى ياشاش — ئەمەلىيەتتە ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدىن كۆپ قىممەتلىكتۇر.

سېنىكا

تەبىئەت —مەڭگۈ روھنىڭ رەڭگىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئېمېرسون

بىز ئۇلۇغ ھەرىكەتلەردىن شۇنى بىلدۇقكى،

ئالەم—ئۇنىڭدىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئورتاق ئىگە بولغان بايلىقىدا بولىدۇ. ھەربىر ئەقىللىق ئادەم — پۈتۈن تەبىئەتتىن بايلىق ۋە ئورۇنغا ئېرىشەلەيدۇ. پەقەت ئۇ خالىسىلا، تەبىئەت ئۇنىڭ ئىلكىدە ئايلىنىدۇ.

ئېمېرسون

ھەقىقىي تالانت — تەبىئەتكە پايدىلىق زىننەتتۇر.

ئالېكساندىر پوپ

تەبىئەت بىزگە ئىككى قۇلاق، بىر ئېغىز بەرگەن.

دىسلېلى

بارلىق پەنلەرنىڭ بىرلا مەقسىتى بار. ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت-نىڭ پرىنسىپىنى (قانۇنىيىتىنى) تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئېمېرسون

بىز —تەبىئەتنىڭ ئىنئام قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى-مىز كېرەك. بىز — بۇ ئىنئامنى تەبىئەتتىن ئىزدىشىمىز كېرەك بۇ —بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

مىچۇرىن

ھەربىر تۇرلۇك تەبىئىي كۈچ كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، بىر خىل ساپ (ھەقىقىي) تالانت دەسلەپتە ئىگە بولغۇچىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تالىدىسى

خۇشاللاندۇرىدۇ.

ئېمېرسون

تەبىئەتتە مۇكاپاتمۇ يوق، جازامۇ يوق، پەقەت — نەتىجە بار.

ئېمېرسون

تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم، ئىچكى - تاشقى ھاياتىنى بىردەك ماسلاشتۇرالايدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ — چوڭلار قاتارىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، بالىلارچە (تۇيغۇسىنى) قەلبىنى تاشلىمايدۇ.

ئېمېرسون

تەبىئەت —ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئۇلۇغ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ گۈزەللىكنى سۆيۈشتۇر.

ئېمېرسون

تەبىئىي تالانت — تەبىئەتتىن كېلىدۇ، ئىستېدات — كىتابتىن كېلىدۇ.

جوزىف بىللىگس

ھەربىر تۇرلۇك تەبىئىي مەۋجۇدىيەت — مەلۇم روھىي مەۋجۇدىيەتنىڭ سىمۋولى.

ئېمېرسون

تەبىئىي نەرسە ھەرگىز گۈزەل بولماي قالمايدۇ.

ئورىپىدىس

تەبىئەتنىڭ ئىنسانىيەت روھىغا پەيدا قىلغان تەسىرى ئەڭ بۈيۈك، رولى ئەڭ زوردۇر.

ئېمېرسون

تەبىئەت ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ئىچىدىدۇر. مۇتلەق جىمجىتلىق ھالاكەتتۇر.

پاسكال

ھەممە شەيئىدە ھاياتىي كۈچ ئەۋج ئۇرۇۋاتقاندا، باھارغا ئوخشايدىغان بىر قايناق ۋاقىت يوق.

روسسىتتى

بورانلىق مەنزىرە — ئۇنى كۆرۈۋاتقان كىشىگە مەنسۇپ.

ئارەستۇ

تەبىئەت —ئادەمنى ياراتتى، كېيىن يەنە ئىنسان يارىتىشتىكى ئۇسۇلنى ۋەيران قىلدى.

ئارەستو

دۇنيا —بارلىق تەركىبلىرى بىلەن دۇنيادۇر.

جىررولد

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇنيانىڭ چەكسىز سىرى — ئۇنى چۈشىنىشچانلىقىدا.

ئېينىشتېين

دۇنيا —مېڭىسىنى سەگەك تۇتقان تەشەببۇسكارلارغا مەنسۇپتۇر.

مايكىف

بىر دەۋر كىشىلىرى كېتىدۇ، يەنە بىر دەۋر كىشىلىرى كېلىدۇ. بىراق، يەر شارى (زېمىن) ئەبەدىيدۇر.

(ئىنجىل)

دۇنيا ئىرادىسى ئۇرغۇپ تۇرغان (جۇشقۇن) كىشىلەرگە مەنسۇپ.

ئېمېرسون

دۇنيا بىر گۈزەل جاي، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

خېمىڭۋاي

دۇنيا —بىر ئەينەكتۇر. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز يۈزىنى قايتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ساكىرا

دۇنيا —ئىدىيىسى تويغۇن كىشىلەرگە بىر كومېدىيىدۇر، ھېسسىياتقا تايىنىدىغان كىشىلەرگە بىر تراگېدىيىدۇر.

خوراس ۋالپول

دۇنيا —بىز ئەگەر ئىچكى سىرنى بىلسەك، كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغان بىر (درامىدۇر).

كۇربى

بىز بىر يېڭى دۇنيا، بىر تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ دۇنيادا، ئىنسانىيەت مەڭگۈ، ئەڭ ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ھاررى سورمادا

مۇھىت —كىشىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشى بىلەن بولىدۇ. مائارىپچىلار ئۆزى — تەربىيە ئېلىشى كېرەك.

كارل ماركس

مېنىڭ پەقەت بىر قېتىملىق ھاياتىم بار، ئۇ — ناھايىتىمۇ قىسقا، شۇنداق ئىكەن، مەن قانداقمۇ ئۇنى ئەرزىمەس (مەن ئانچە ئېھتىياجلىق بولمىغان) ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىمەن؟

بىراندىس

ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، سىز ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھاياتىڭىزنى يوقىتىپ كېتىپ بېرىسىز. دەل ھازىر بىلەن مەڭ-گۈلۈك پۈتۈنلەي ئوخشاش. ھازىر ئېرىشكەن، يوقاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مىنۇتتا ئۇچۇپ كېتىپ بارماقتا.

ماركۇس ئاۋرۇلىئۇس

بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، ھەربىر كۈننى — ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدەك ئۆتكۈزۈش — بىر تۈرلۈك ياخشى تۇرمۇش قائىدىسى.

جون كەيتىس

ھاياتلىقنى ئىمكانىيەتكە ئايلاندۇرىغان بىردىنبىر نەرسە— مەڭگۈلۈكتۇر، چىدىغىلى بولمايدىغان تۇراقسىز، كېلەر قېتىم نېمە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكتۇر.

كۇيىن

چوڭ بولۇش — ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر پاكىتى.

نيۇمان

ئەگەر پايدىلىنىشقا ماھىر بولساڭلا، ھايات — ئۇزۇندۇر.

سېنىكا

ھاياتنىڭ قىممىتى — ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدا

ئەمەس بەلكى، بىزنىڭ بۇ كۆڭلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىزدە.

هونتاگىن

پەقەت — باشقىلار ئۈچۈن ياشىغان ھاياتلا — قىممەتلىك (ئەھمىيەتلىك) ھاياتتۇر.

ئېينىشتېين

پەقەت — باشقىلار ئۈچۈن ياشىغان ھاياتلا — قىممەتلىك (ئەھمىيەتلىك) ھاياتتۇر.

ئېينىشتېين

ھايات —قىسقا، سەنئەت — ئۇزۇن، پۇرسەت — ئۆتكۈر، تەجرىبە —ئۆزگىرىشچان، ھۆكۈم — مۇرەككەپتۇر.

ھىپوكرات

بارلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۆز تارىخى بولىدۇ.

ۋىليام شېكىسپىر

ئىككىلىنىش ۋە قورقۇش ئىچىدە ھاياتنى ئىسراپ قىلماڭ.

ئېمېرسون



ھاياتلىق (ھايات) — بىر مەسىلە، بەلكى ئۇ مەۋجۇدىيەت ئەمەس، ھايات ئېنىرگىيەدۇركى، مادىدا ئەمەس.

ددلتى

كىشىنىڭ ھايات كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بولىدۇ. ھاياتلىق — خۇشاللىقلىرى كىشىلەر دۇچ كەلگەن بارلىق جاپا — مۇشەققەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ.

ماگخام

ھايات —تىنىمسىز، كۈرەش — توختاۋسىز داۋام قىلىدۇ.

توماس كارلىل

كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمگە نىسبەتەن ھېچقانداق قۇدرىتى يوقتۇر. پەقەت بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن ھۇزۇر ئالىدۇ، خالاس.

گېئورگى سانتايانا

ئادەمنىڭ قانداق ئۆلۈشى مۇھىم ئەمەس، قانداق ياشىشى مۇ- ھىمدۇر.

سامۇئىل جونسون



ياخشى ئۆتكەن بىر كۈن — تاتلىق بىر ئۇيقۇ ئېلىپ كەل- گەندەك، ياخشى پايدىلىنىلغان ھاياتمۇ خاتىرجەم ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدۇ.

داۋىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىرىك ئادەم كەڭ قورساقلىققا — ئۆلۈكتىن بەكرەك موھتاج.

ئارنولد

كېرەكسىز ھايات — تېزرەك يوقىلىدۇ.

كىئوتى

سەن چاڭ ـ توزاندىن ئاپىرىدە قىلىنغانسەن، يەنە چاڭ ـ توزانغا قايتۇرۇلىسەن.

ئىنجىل

ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، بىراق ئىنسانىيەت مەڭگۈ ھايات، كىشىلىك ھايات چەكلىكتۇر. بىراق ھاياتلىق يوقالماستۇر.

سۇن بۇردىن

ئۆلۈشتىن قورقمىغان ئادەمگە ھاياتلىقتا قورقىدىغان نەرسە يوقتۇر.

ئېپكۇرس



تىرىكلەرنىڭ قەلبىدە ئۆلگەن ئۆلۈك راستلا ئۆلگەندۇر.

ئانويى

ئۆلگەنلەرنىڭ ياخشى نامى ئۆچمىسۇن، تىرىكلەرنىڭ

مۇھەببىتى.

رابىندرانات تاگور

ئۆلۈش يوكسەك ھېسسىياتنىڭ بىردىنبىر ساپ ۋە گۈزەل بولغان خۇلاسىسىدۇر.

لاۋرېنس

ياخشى ئۆلۈم، پۈتۈن ھاياتقا شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ.

پېتراركا

نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورققۇدەكمىز؟ ئۆلۈم كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل خەتەرلىك باسقۇچتۇر.

چارلىز ھىروھمان

دۇنيادىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۆلگەن ئەمەس، ئۇلار بىر تەرەپتىن بىزگە قاراپ ياردەم بېرىدۇ.

لاۋرېنس

كېيىنكىلەرنىڭ قەلبىدە ياشاش مەڭگۈ تىرىكلىكتۇر.

كامىل

مەن بۇ جەمئىيەتنى، پەقەت بىر سەھنە دەپ قارايمەنكى، ھەربىر كىشى ئۇنىڭدا بىر رول ئېلىشى كېرەك.

ۋىليام شېكسپېر



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

ھېچقانداق ئادەم دۇنيادىن تەلتۆكۈس ئايرىلىپ تۇرىدىغان يې-
گانە ئارال ئەمەس.

جون دوننى

تۇرمۇشتىكى ھەربىر كىچىك ئىلگىرىلەشلەر ئۆتمۈشتىكى روھىي ۋە جىسمانىي قۇربانلىقلار بەدىلىگە كەلگەندۇر.

نېتزى

گۈللەنگەن جەمئىيەت خەلقنىڭ بەختلىك، پۇقرانىڭ ئەر-
كىن، مىللەتنىڭ قۇدرەتلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋىكتور ھيۇگو

جەمئىيەت بىر كېمىگە ئوخشايدۇ، ھەربىر كىشى ئۇنىڭ رو-
لىنى ئېلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ئىبسېن

جەمئىيەتنىڭ بارلىقى ئىستىقبالى بولغان ھەرىكەتلەندۇر-
گۈچ كۈچ. تايىنىدىغىنى رېئاللىقتىن رازى بولمايدىغانلاردۇر. رازى بولغۇچىلار بولسا ھامان كونا رامكىلار ئىچىدە چەكلىنىپ قالىدۇ.

ھاۋسوردن

بىر ئىلغار جەمئىيەت ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرى

تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەتتۇر.

خايك

جەمئىيەت قايتا قۇرۇلۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇنى كونا (قالاق) تۈزۈملار ئۈستىگە قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

جون ستۇئارت مىل

جەمئىيەتنىڭ پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان كېلىنچىكىم، ئۇچقۇر ئۇمىد مېنىڭ بالىلىرىم.

ۋىليام خاسمۇس

ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ھېس ـ تۇيغۇلىرى بولىدۇ.

سىردا

جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكى ئومۇملاشقان ھادىسە، ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى شۇنچىلىك مۇستەھكەم. شۇڭلاشقا، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار ناھايىتى ئاسانلا ئادالەتسىزلىكنى تەبىئىي ئىش دەپ قارايدۇ.



مارسىل ئەيمى

تۇرلۇك ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ياشىشىدىن

جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى كەمتۈك (تولۇق بولمىغان)تۇر. تولۇق بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. چوڭ جەمئىيەت يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئىبارەتتۇر. ئوتتۇرا جەمئىيەت دېڭىزنىمىز، يەر يۈزىدىكى (ئايرىم ـ ئايرىم) مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتتۇر. كىچىكى بولسا، بىر مىللەتنىڭ يېرىنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەتتۇر. كەمتۈك جەمئىيەت بولسا يېزا، مەھەللە، كوچا ياكى ئائىلىدىكى ياشىغۇچى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلىدىن كىچىك بولغان كۆلىمى مۇشۇ تۈركۈمگە تەئەللۇقتۇر. مەھەللە ۋە يېزىنىڭ ھەر ئىككىسى شەھەرگە تەۋە. لېكىن شۇ مەنىدە تەۋەكى، يېزا شەھەرگە خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن شەھەرنىڭ بىر قىسمى (بۆلىكى)سۈپىتىدە تەۋەدۇر.بۇ سەۋەبتىن ئۆي(ئائىلە) كوچىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا (كوچىغا)تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي كوچىنىڭ بىر قىسمى، شەھەر مىللەتنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، مىللەتمۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.



فارابى

ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە يۈكسەك كامالەتكە شەھەردىن كىچىك بولغان جەمئىيەت مەركەزلىرىدە ئەمەس، بەلكى شەھەر دائىرىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلاشتۇرۇلۇش ئادرېسى

ئىچىدە ئىرىشكىلى بولىدۇ.

فارابى

ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر پەزىلەتلىك شەھەردۇر. چۈنكى، بەختكە ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن تەشكىللەنگەن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پۈتۈن شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشىۋاتقان بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر. پۈتۈن مىللەتلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەمكارلاشتۇرغان دۇنيا ھەم پەزىلەتلىك دۇنيا بولىدۇ.

فارابى

پەزىلەتلىك شەھەر ھەممە جەھەتتىن ساغلام بولغان بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئەزالىرى ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئاخىرىغىچە ساقلاش ئۈچۈن بىر بىرىگە ياردەملىشىدۇ.

فارابى



يۈرەك ھەممىدىن ئاۋال شەكىللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەزالارنىڭ شەكىللىنىشىگە، قۇۋۋەتلىنىشىگە ۋە دەرىجىلىرىگە ئاساسەن ئورۇن ئېلىشىغا سەۋەب بولغىنىغا ھەم بۇلارنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، يۈرەك ۋە چاتاقنى تۈگىتىدىغان

ۋاستىنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش، شەھەر باشلىقىنىڭمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈردۇركى، ئۇ شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

فارابى

شەھەردىكى سەنئەتلەرنىڭ كۆپى باشقۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىشقا خاستۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆپىمۇ خىزمەت قىلماق ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

فارابى

كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغان ھەرقانداق بىر سەنئەت ياكى ھەر قانداق بىر ئادەت پەزىلەتلىك شەھەردە رەئىسلىك سەنئىتى بولالـ-مايدۇ.

فارابى

پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، باشلىققا (رەئىسكە) خىزمەت تەكلىپ قىلىدىـ-غان ماھىيەتتە بولۇپ قالماسلىقى ۋە بۇ باشقۇرۇش سەنئىتىدىن تېخىمۇ يۇكسەك بولغان بىر سەنئەت مەۋجۇت بولماسلىقى لازىم.

فارابى

دەر ھەقىقەت، ئىنساننى ئىنسان قىلغان دەسلەپكى باسقۇچ، بۇ

تەبىئىي شەكىللىنىڭ پائال (ئاكتىپ) بولۇشىدىكى ئىستىبدات ۋە قابىلىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇمۇ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئىككى باسقۇچ بار: بىرى، پاسسىپ ئەقىلنىڭ ئەمەلىي ھاسىل بولۇشى، يەنە بىرى، ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر.

فارابى

بىر تۈردىكى ھۈنەر سەنئەت ئىگىلىرىمۇ ئىقتىدار جەھەتتىن پەرقلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر خەتتات ئۆز ھۈنىرىنىڭ نۇرغۇن سىرىنى بىلىشى، كەڭ بىلىم ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرى ئۆز ھۈنىرىنىڭ سىرلىرىنى كەمرەك بىلىشى مۇمكىن. مەزكۇر ھۈنەرنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن خەتتات تىلنى، سۆز سەنئىتىنى، ھۆسنخەتنى ۋە ھېساب كىتاب، رىيازىيات (ماتېماتىكا) نى پۇختا بىلىش زۆرۈر. خەتتاتلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىن بىر بىرىدىن ئەۋزەللىكى شۇندىكى، مەسىلەن، ھۆسنخەت سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئىككى خەتتاتتىن بىرى شۇ ساھەدە كۈچلۈكرەك، بىرى كۈچسىزرەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۈپەتتىكى ئەۋزەللىكتۇر.

فارابى

پەزىلەتسىز شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ناچار خاراكتېرى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭۈللىرى — روھلىرىمۇ

ناچارلىشىپ بارىدۇ.

فارابى

شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن سۇ مەنبەلىرىنى تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

فارابى

ئەگەردە ھاكىم شەھەر ئەھلىگە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەۋسىيە قىلالمىسا، ئىشلار مۇشكۇللىشىدۇ. ھاكىمنىڭ پايدا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولماي قالىدۇ ۋە خەيرلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇددىتى سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

فارابى

تەربىيە خەلقنى ۋە شەھەرلەرنى نەزەرىيىۋى پەزىلەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر، تەلىم خەلقنى بىلىم ئاساسىدا ئەخلاق پەزىلەت ۋە سەنئەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر.

فارابى

شەھەر ئاھالىسى قانچىلىك دەرىجىدە مېھرشەپقەتلىك بولسا، ئۇلارنى باشقۇرۇش شۇنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدە ئىلاھىي بولىدۇ.



فارابى

ئەگەر باشقا بىر كىشىنىڭ مۈلكى ھېسابىغا مۈلۈك ئاشۇر-

غانلار جازالانمىسا، ئۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسىدىن ئىنساپ ۋە شۆھرەت يوقىلىدۇ.

فارابى

كىشىلەر ھە دېسىلا ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى قارمۇقارشى قويۇۋالىدۇ ـ دە، تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ گۆدەك بالا، خۇددى بىر تال گىياھقا ئوخشاش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىزمنىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك، ئەگەر تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى دېڭىزغا ئوخشاتساق، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى پەقەت ئۇنىڭ بىر تامچىسى، دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ بىر تامچىدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتەلىگەن بىلەن ئۇ بەرىبىر بىر تامچە. شۇڭا، كىشىلەر ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىنى دەڭسەپ كۆرمەيلا تامچە سۇنى دېڭىزغا تەڭ، دەپ تۇرىۋالماسلىقى كېرەك.

تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل تەلۋىلەرچە ئىپادىسىگە قاراپ، خۇددى ئانىسى ئەقىلسىز بالىسىنىڭ قىلىقلىرىغا كۈلگەندەك، چوقۇم مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ كەشپىياتى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ بەزىبىر سىرلارنى ئاچقانلىقتىن، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى بىلىپ بولدۇق، دەپ كۆرەڭلەپ كېتىشتى. ئەمما، تەبىئەت

دۇنياسىنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلار ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ غايەت زور بوشلۇق تولىمۇ كىچىك ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇنچىۋالا ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىش يولى يوق. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى ئەجدادلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاشقان، ھەتتا قەدىمكىلەرنى مازاق قىلىپ كۈلگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، كېيىنكىلەر ئۇچۇن بىز قەدىمكى كىشىلەر ھېسابلىنىمىز؛ 10 مىڭ يىلدىن كېيىنكى كىشىلەر ئوخشاشلا بۈگۈنكى بىزنى مازاق قىلىپ كۈلمەي قالمايدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىمىز خۇددى كىچىك بالىنىڭ خىيالىدەك تۇيۇلۇشى، بىزنىڭ ئالەم ئايروپىلانلىرىمىز بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقىدەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرار - تەكرار تۈزەش تارىخى، دېسىمۇ بولىدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئىلىم - پەن تارىخىدىمۇ تالاي خاتالىقلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزىمىزنى ئەقىللىق چاغلاپ، قەدىمكىلەرنى مازاق قىلىمىز؟

ئىنسانىيەت تۈرلۈك - تۈمەن ئەسۋابلارنى كەشىپ قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا مىليارد يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە ھەرخىل كان بايلىقلىرىنى قېزىپ

ئېلىنىشتى ھەمدە ئىنسانىيەت بۇ ئۇتۇقلىرى ئۇچۇن بەكلا كېرىلىپ كېتىشتى. ئەمما، ئويلۇپ كەتكەن ئاشۇ كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە كولىغان ئورىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن؟

كائىناتتا بىزدىنمۇ بەك ئەقىللىق جانلىقلارنىڭ بولۇشىدا گەپ يوق. چۈنكى، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىز ئاران تۆت مىليارد يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مۇشۇ جەرياندا ئەقىل ـ پاراسەتلىك جانلىق يېتىشىپ چىققان. كائىنات بولسا 20 مىليارد يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، قۇياش سىستېمىسىدىنمۇ قەدىمكى بولغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىدا ئاللىبۇرۇنلا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقلار بارلىققا كېلىپ بولغان. بۇ خىل جانلىقلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە بەلكىم بىزنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئۇلارغا بىز خۇددى چۈمۈلىدەك كۆرۈنۈشىمىز، ئەڭ دانىشمەن كىشىلىرىمىزمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە سېلىشتۇرغاندا يوق دېيەرلىك. مەيلى كىشىنى بىزار قىلىدىغان چۆپ، پاشىلار ياكى چىرايلىق گۈل ـ گىياھلار بولسۇن، مەيلى پايانسىز كۆكتە جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ياكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس چاڭ ـ توزانلار بولسۇن، ھەممىسىلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نۇقسانسىز ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلىرى

بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى «ئۆلۈك» ماددىدىن مۇشۇنچىۋالا كۆپ جانلىقلارنى ئاپىرىدە قىلالىغان بىلەن ئىنسانىيەت ئەڭ ئاددىي جانلىقنىمۇ ياساپ چىقالمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئادەم —تەبىئەت دۇنياسى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ناماياندىسى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى، دەپ قارىلىدۇ. ئادەم بەدىنىدە جەمئىي بىر مىلياردتىن ئارتۇق ھۈجەيرە بار بولۇپ، شۇنچىۋالا كۆپ ھۈجەيرە ئۆزئارا ماسلىشىپلا قالماستىن، يەنە ھەربىر ھۈجەيرىنىڭ باشقا ھۈجەيرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە رولى بار. شۇڭا، ئۇلار ئارىلىشىپ كەتمەي، پۈتكۈل ئادەم بەدىنىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. يېقىنقى 100 يىل جەريانىدا، ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەر نۇرغۇن قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تەرتىپ ئۆزگەرگىنى يوق. كىشىنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قىلىدىغىنى بەلكىم بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز بولسا كېرەك. ئۇ خۇشاللىق بىلەن قايغۇنى بىلەلەيدۇ، پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ، چۈشىنەلەيدۇ ۋە تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئېستېتىكا پرىنسىپىنى «چۈشىنەلەيدۇ». ھەرخىل ماددا بىلەن ئادەم بەدىنىنى يارىتىشتا ھەرخىل گۈزەللىك قائىدىسىنى قوللانغان. مەسىلەن، سىممېترىك، ماسلىشىشچانلىق دېگەنلەر ئادەم بەدىنى ۋە گۈل ـ چېچەك قاتارلىقلارغا ئاجايىپ گۈزەللىك ئاتا قىلغان. مىليارد ھۈجەيرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئادەمنى ياساپ چىقىش ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغان جانلىقنى يارىتالىشى ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىر قىلالىغانلىقىدىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك جانلىقلارنى يارىتىشى ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئادەم تەبىئەت دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك فورماتسىيىسى. ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بولالىشى ئادەمنىڭ پىكىر قىلالىشى، چۈشىنەلىشى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ يېتەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىرخىل ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسى (ياكى كائىنات) ئادەملەرنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئادەملەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ، مىليارد يىللار داۋامىدا دېمەكچى بولغان، ئەمما دېمەي كەلگەن گەپلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان تونۇشىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئوتنۇشى، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەپەككۇرى، ئادەملەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى، ئادەملەرنىڭ كۈلكە - شادلىقلىرىنى،

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كۆلكە ـ شادلىقلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، ئادەملەردىكى ئازغىنا ئەقىل ـ پاراسەت ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەل‍ـ گەن ئەمەس، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىنئامى. ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشىدىكى بىرخىل قورالدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ھەرخىل خاتا تونۇشلىرى ماھىيەتتە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان خاتا تونۇشى ھېسابلانسا كېرەك.

دېمەك، مېڭە بەدىنىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغانغا ئوخشاش، ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىزمنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكى، بىر ئەزاسى. يەنى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسى بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسى غايەت زور بىر جانلىق، ئادەملەر بولسا ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇنداق ئىكەن، بىز تەبىئەت دۇنياسىنى خۇددى ئۆز بەدىنىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز كېرەك.

قېنى كىم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جېنى يوق دەپ ئېيتالايدۇ؟ تەبىئەت دۇنياسى غايەت زور، مەڭگۈلۈك جانلىق. ئەجەبا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھەرىكىتى، ئۆزگىرىپ تۇرۇش جەريانى ئۇنىڭدا جان بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭدا جان بولمىسا، تۈرلۈك ـ تۈمەن جانلىقلارنى قانداق ئاپىرىدە قىلىدۇ؟ تەبىئەت دۇنياسى جىمجىت تۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىگە جان يوشۇرۇنغان، ھەممىلا يېرىدىن ھاياتلىق بىخلىرى بالقىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەجەبا سىز تاشلار ئىچىگىمۇ ھاياتلىق نىدالىرى يوشۇرۇنغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز؟ ئەجەبا سىزنىڭ قەلبىڭىز پايانسىز كۆكتىكى يىراق يۇلتۇزلاردىن كەلگەن سالاملارنى تىڭشاپ باقمىغانمۇ؟

كۆرۈنۈشكە جېنى يوقتەك تۇرغان ماددىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جېنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ بىرخىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. ئالىي دەرىجىلىك ھاياتلىق فورماتسىيىسى دەل ئاشۇ «ئۆلۈك» ماددىلاردىن پەيدا بولغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئالىي دەرىجىلىك جانلىقلار پەقەت ماددىلارنىڭ يەنە بىرخىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ماددىلار ئارىسىدا سانسىزلىغان ھاياتلىق ئۇخلاپ ياتىدۇ. مەيدانغا چىقىش ۋاقتى توشقان ھامان، ئۇلار شۇئان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ.

شۇڭا، ئىنسانىيەت تەنھا ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بار.

شۇڭا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنى ھەرگىزمۇ بىز بويسۇندۇرىدىغان ئوبيېكت قىلىۋالماسلىقىمىز، باشقا جانلىقلارنى پەقەت بىزنىڭ مەززىلىك تائامىمىز ئورنىدا كۆرمەسلىكىمىز، بەلكى ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشىمىز، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، تەبىئەت دۇنياسى گۈزەللىكىنىڭ نامايانىدىسى، دەپ قارىشىمىز ھەمدە ئۇلارنى خۇددى ئۆزىمىزنى

ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى ھۆرمەتلىگە-نىمىز تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلىگىنىمىز، تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلىگىنىمىز ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگىنىمىزگە باراۋەر.

يەن چۇنيۇ: «تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلەيلى» دىن

ئىنسانلار بىلەن يەر شارىنىڭ باغلىنىشي يۈزدە يۈز مىننەت-دارلىق مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئېسىڭىزدە بولسۇن «بولۇشى كېرەك» ئەمەس. يۈزدە يۈز شۇنداق بولىدۇ. «يۈزدە يۈز» بىلەن «بولۇشى كېرەك» نىڭ ئارىسىدا پەرق بار. «بولۇشى كېرەك» دې-سەك، بىرخىل ئەخلاقىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. «يۈزدە يۈز» بولسا بىرخىل قەتئىي بولىدىغان تەبىئەت قانۇنىيىتىدىكى مەنتىق ۋە مۇقەررەرلىككە ياتىدۇ.

ناۋادا بۇ خىل مىننەتدارلىق مۇناسىۋىتى ئومۇمەن تىكلەنسە، ئۇ چاغدا ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمى ئۆزىنى پىششىپ يېتىلدۈق، دەپ ئېلان قىلسا بولىدۇ. يەنە ناۋادا ئادەم بىلەن ئادەم، مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت يۇيۇ-لۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزئارا ياردەم ۋە دوستلۇق ئىگىلىسە، ئىنسا-نىيەتنىڭ قالغان يېرىمىمۇ پىششىپ يېتىلگەن بولىدۇ.

جاۋ شىنشەن: «ئادەملەر ۋە يەر شارى» دىن

سۇ — تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. سۇ بار جايدا

www.uyghurkitap.com

يېشىللىق بولىدۇ، يېشىللىق بار جايدا ھاياتلىق بولىدۇ. بۇ ھاياتلىق پەقەت ئادەملەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئادەملەرنىڭ ياشاش شارائىتىنى پايدىلىق مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان باشقا جانلىقلارنىڭمۇ دەل مۇشۇ ھاياتلىق بوستانىدا نېسىۋىسى بولىدۇ.

يۈسۈپ ھاشىم: «قېنى ئۇ ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقلار» دىن

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەردە تەبىئەتتىن ياتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلمەكتە. مانا بۇ دەل بۇلاقلىرىمىزنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبىدۇر. پەقەت تەبىئەت گۈزەللىكى ھەقىقىي چىن گۈزەللىكتۇر. بۇ گۈزەللىكنى ھاياتلىق سۈيى بىلەن ياشارتقۇچى بۇلاقلىرىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزگە ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇلاقلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ھالىتى ئەتىكى ئەڭ زور تەبىئىي ئاپەتتىن بېشارەتتۇر. پەقەت ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ ھاشىم: «قېنى ئۇ ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقلار» دىن



شىنجاڭدا: «سۇ بار يەردە گىياھ بولىدۇ، سۇ كۆپ يەردە دەرەخ ئايىنىيدۇ، دەرەخلەر بولسا ئادەم بولىدۇ» دەيدىغان بىر چۈشەنچە بار. ئۇنىڭدا سۇ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، سۇ بىلەن ئادەملەرنىڭ

مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. يەنە: «يەر شا-رىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ سىزنىڭ كۆز يېشىڭىز» دەي-دىغان بىر ئېلان سۆزىمۇ بار. بۇ ئاڭلاشقا سەل كۆپتۈرۈۋېتىلگەندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئىستراتېگىيە-چىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلىدا دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن يۈز قېتىمدىن كۆپرەك ئۇرۇشنىڭ 80 پىرسەنتى سۇ مەنبەلىرىنى تالىشىشتىن يۈز بەرگەن. سۇ تالىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان پاراكەندىچىلىكلەر ھازىر دۇنيا مۇقىمسىزلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

لو زۇدې: «21 - ئەسىردە ھەممە سۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش تۇتى-دۇ» دىن

سۇنى تېجەشكە ھەممەيلەن قاتنىشىشى كېرەك. بالىلار كى-چىكىدىن باشلاپ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشى، سۇ ئىشلەتكەندە جۈمەكنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇماسلىقى، بىر تامچە سۇنىمۇ ئورۇنسىز ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. سۇنى تېجەش بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئامېرىكا سۇنى قەدىرلەشنى ئىلىم - پەننى قەدىرلەش بىلەن؛ كورېيە سۇنى قەدىرلەشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن بىرلەشتۈردى. بىزنىڭ بالىلى-رىمىز ئەمدى ئۇنى ئىلىمپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسان-پەرۋەرلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

يۈسۈپ ھاشىم: «قېنى ئۇ ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقلار» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق شادلىقى يامرىغان مەۋسۇم،
قۇشلارنى باغرىغا چىللىدى دالا.
ۋە لېكىن ئۇلارغا سالدى ۋەھىمە،
قۇش ئاتار يەل مىلتىق كۆتۈرگەن بالا.
بىمالال ئايلىنىپ ئۆكتەم، يۈگەنسىز،
قۇشلارنى قىردى ئۇ كېزىپ مەلىدە.
ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى قوزغىدى غەزەپ،
ئاق كۆڭۈل، پاك يۈرەك ئىنسان ئەھلىدە.
ئاشۇ كار قىلمىدى تەنبىھ، ئەيىبلەش،
ھەممىنى رەت قىلدى قوپال، زوراۋان.
باغلارغا، قورۇغا باستۇرۇپ كىرىپ،
قۇشلارنى ئۆلتۈردى، تۆكتى قىزىل قان.
ئاشۇ قۇش مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا،
گۇناھسىز قۇشلارغا بولدى بىر بالا!
بىر كۈنى ئوۋ ئىزلەپ بىزنىڭ قورۇغا
تاجاۋۇز ئەيلىدى بۇ ياش زوراۋان.
دۇنيادىن مۇڭ تۆكۈپ بىر غېرىب كاككۇك
سۇۋادان شېخىدا سايرايتتى پىنھان.
كاككۇكقا ئوق ئۈزدى قۇش مىلتىقىدىن،
ئۇ بالا مۆكۈنۈپ ئېلىپ شۇ ھامان.

كۆكلەمنىڭ بۇ دىلكەش، قەدىم ئەلچىسى—
پالاقلاپ چۇشتى ـ دە، بەردى دەرھال جان.
ئۇ ئۆلدى جىنايى بىر شۇم ئوق بىلەن،
دۇنيادا سەرگەردان قالدى قىساسى.
ئۇ ئۆلدى ۋەھشىلىك ۋە زورلۇق بىلەن،
ھاياتتىن مەڭگۈلۈك ئۆچتى ىنداسى.
قانچىلىك تۇيغۇلار بار ئىدى ئۇنىڭ—
ئىنسانغا خەيرخاھ شۇ ساداسىدا.
ھايات ۋە دۇنيادىن بىرەتتى دىرەك
يىراقتىن ئاڭلىنىپ كەلگەن شۇ سادا.
بۇ سادالىق تولۇپ ياش كۆڭۈللەرگە،
قوزغايتتى تەلپۈنۈش ۋە جۇشقۇن ئارزۇ.
بۇ سادا دولقۇنلۇق دىل دېڭىزىدا
قوزغايتتى ھاياجان، شادلىق ۋە قايغۇ.
بۇ سادا يۈرەكتە پەيدا قىلاتتى،
خىيالنىڭ كۆپ راۋان ئېقىنلىرىنى.
ئۇ كىمگە ئەسلىتىپ ئۆتمىگەن دەيسىز،
يۇرتىنى، تۇغقان ۋە يېقىنلىرىنى.
قېرىلار ئاڭلاپ بۇ تونۇش سادانى،
يوقاتقان ئۆمرىنى ئالغان يادىغا.
كۆز يېشى ئارىلاش كۈلۈمسىرەشكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتۇندەك ياشلىقى كېلىپ ئالدىغا...
پاناھسىز ۋە يۇمران قۇشنىڭ ئۆلۈمى
تۇتاشقان ئوت بولۇپ ئۆرتىدى دىلنى.
مەن چىداپ تۇرالماي چىقتىم ئېتىلىپ،
نەق مەيدان ئۇستىدە تۇتتۇم قاتىلنى.
ئېتىلىپ بوراندەك بىر غەزەپ بىلەن،
پاچاقلاپ تاشلىدىم شۇم مىلتىقنى.
تۇيۇقسىز ھوجۇمدىن قالدى ئۇ تېنەپ،
قازاندەك قاينىدىم ۋە سۆكتۇم ئۇنى:
—سەن ئىنسان دوستىنى ئەيلىدىڭ ھالاك،
قىلمىشىڭ نەپرەتلىك ۋە مەشئۇم غايەت.
بىلەمسەن؟ سەن ئۆسكەن تەبىئەت — ئاناڭ،
سەن ئۇنىڭ ئالدىدا قىلدىڭ جىنايەت!
ئېيتقىنا! بىلەمسەن سەن گۈزەللىكنى،
پەقەت قان تۆكۇشمۇ سېنىڭ خىيالىڭ؟
سەن سوتتىن مۇستەسنا بۇ ئىش تۈپەيلى،
ۋە لېكىن ئويلاپ باق بولسا ۋىجدانىڭ!
قەدىمىڭ تەگكەن جاي سېنىڭ بولامدۇ،
سېنىڭلا مۈلكۈڭمۇ بۇ يورۇق دۇنيا؟
ئايىغىڭ ئاستىدا بولامدۇ دائىم،
دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇش، گۈللەر ۋە گىياھ؟

بىلىپ قوي، كۆكىرىپ تۇرغان دۇنيادا،
قۇشلارنىڭ ياشاشقا تولۇق ھەققى بار.
كەڭ زېمىن سەن پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن،
بولغاندۇر ئۇلارغا ۋەتەن ۋە دىيار.
مەقسىتىڭ نېمىدى بۇ قىلمىشىڭدا،
كۆرسەتمەك بولدۇڭمۇ ياكى باتۇرلۇق؟
بىلگىنكى، ئۆلتۈرمەك بىر كىچىك جاننى
ئەل ئارا باتۇرلۇق سانالماس تولۇق.
مەقسىتىڭ ۋە ياكى بىر چىشلەم گۆشمۇ،
ساڭا گۆش كەممىدى بۇگۈن دۇنيادا؟
سەن ئۇچۇن مىليون ـ مىليون تۇياق مال
يۇرمەمدۇ يايلاقتا پادا ۋە پادا؟
يا كۆڭۈل ئاچماقنى قىلدىڭمۇ ھەۋەس،
بولامدۇ شۇنداقمۇ قان تۆكەر ئويۇن؟
نېمىشقا ئويناشتىڭ تىرىك جان بىلەن،
گېپىمگە سال قۇلاق، تولغىما بويۇن!
چۈشەنكى، دۇنيانىڭ تولۇق ئوبرازى
تولمايدۇ يالغۇز سەن ئىنسان بىلەنلا.
بولىدۇ ئۇنىڭدا تاغلار، دېڭىزلار
دەريالار، ئورمانلار، چۆللەر ۋە دالا.
قۇشلارنىڭ ساداسى ھاياتقا ھەمراھ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارمۇ ھەۋەسمەن، جۇشقۇن ۋە ئويغاق.
ئۇلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىنسا دۇنيا،
بولاتتى قانچىلىك غېرىب ۋە سوغۇق.
ئانىلار بالىنى ئويغاتقىنىدەك،
زېمىننى ئۇيقۇدىن ئويغىتار شامال.
چۆللەردە يۈز بەرگەن قۇم كۆچكىنىدەك،
دەريانىڭ مۇزلىرى قوزغىلار دەرھال.
ساداسى ياڭرايدۇ گۇلدۇرمامىنىڭ،
كۆڭۈللۈك يامغۇرلار ياغار شارقىراپ.
تاغلار كۆلەڭگىسىدەك سىلجىپ بۇلۇتلار
ئۆتۈشەر دۇنيانى يۇيۇپ ۋە تاراپ.
خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ شاد چۇقانىدا،
سەن ھازىر ئۆلتۈرگەن كاككۇك ئۈنى بار.
كاككۇكلار كېلىدۇ دېڭىزلار ھالقىپ،
تۇغۇلغان يۇرتىنى قىلىپ ئىختىيار.
بۇ باھار ئوبرازى! بىلەمسەن نادان،
باھارلار بولغانمۇ قۇش ۋە گىياھسىز؟
سەن قىرىپ ئۆلسەن، ئۇلار قالىدۇ،
ھاياتلىق بولمايدۇ ھەرگىز ئۇلارسىز!...
مەن راسا قايىندىم، ئۇ ياش گۇناھكار،
چۈشەندى ياكى ياق، بۇسى دەرگۇمان.

بۇ ۋەقە پۈتۈلدى بىر شېئىر بولۇپ،
شېئىرىمنى چۈشىنەر بەلكى كىتابخان!...

قۇربان بارات: «قۇش ملتىقى كۆتۈرگەن بالا» دىن

ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىشىنىڭ ئۆزى بىر پۇرسەت، بىر ئامەت، بىر مۆجىزە، بىر ئۇلۇغ ئىش.

بىز قانداق قىلىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدۇق؟ بىزنى پاك، ئازادە، بىخەتەر، قىممەتلىك بولغان مۇھىت ئادەم قىلدى. ئۇ بىزنى ياراتتى. مۇھىت بىزنىڭ داۋاملىق ھايات كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئاتا قىلدى ھەمدە بىزنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىمىزغا پۇرسەت بەردى. ئاشۇ مۇھىت بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزنىڭ كېلەچىكىمىز.

ياشاش، مۇھىت، يەنە ياشاش، يەنە شۇ مۇھىت. دېمەك، بىز مۇھىت بىلەن باراۋەر ئىكەنمىز، ياشاش مۇھىتىمىز تۈگىسە، بىزمۇ تۈگەيمىز، مۇھىت بىزنى بېقىپ ھەممىگە قول سوزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىز ئۇنىڭ سېخىيلىقى بىلەن داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇق، جەمئىيەتنى يۈكسەك دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىپ، ساناقسىز كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردۇق؛ يەنە تېخى ئۆزىمىز ئۈچۈن نەچچە ئەسىرلىك ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ قويدۇق.

بىز ئادەم بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەممىدىن قىممەتلىك، ھەممىدىن قۇدرەتلىك ساناپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز خاتالاشتۇق، يەنە بىز بىلەن بىللە مۇھىتمۇ بار.

دۇنيادا بىسىم بولمىسا قارشىلىق بولمايدۇ دەيدىغان بىر ھەقىقەت بار. بىز مۇھىت بىلەن قوشكېزەك، باراۋەر ئىدۇق. بىز ئۇنى—بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىش، ئۇنى ۋەھشىيلەرچە بۇلغاش، بۇزۇش، نابۇت قىلىش بەدىلىگە كەلگەن كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىككىنە پايدا ـ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن پەخىرلەندۇق. ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىز ۋە كۆلكىلىرىمىز ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ماختاندۇق. ئەپسۇس، ئاشۇ بېسىمغا چىدىمىغان، ھالسىرىغان، ھەسرەتلەنگەن مۇھىت ئەمدى ئاستا ـ ئاستا سىلكىنىپ بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئاپەت بىزگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ ھاياتىمىزغا خەۋپ يەتكۈزمەكتە.

مۇھىت بىزگە ئەلەم بىلەن: «مەن مەڭگۈلۈك بايلىق ئىدىم، بۈگۈنكىلەرنىڭلا قولىدا تۈگەپ ۋەيران بولۇشنى خالىمايمەن. ئىنسانىيەت يارالغاندىن تارتىپ تاكى مەڭگۈگىچە باراۋەر، سىلەر نېمە ئۈچۈن باراۋەرلىكنى كۆزۈڭلارغا ئىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭلا مەنپەئەتىنى ئويلايسىلەر؟ ئەۋلادلىرىڭلارچۇ؟ ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىچۇ؟ مېنى ئۇلارغا قالدۇرمامسىلەر؟ ئەسلى مەندە ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى، ئۇلارمۇ مەندىن پايدىلىنىپ ياشاشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئەجەبا، سىلەر ھەممىنى

ئۇنتۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭلار ئۇچۇن گۈزەل بىر دۇنيانى يارىتىپ قالدۇرۇشۇڭلار كېرەك، بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىڭلار ئۇچۇن توۋا قىلىڭلار، ماڭا زىيان سېلىش ئۇچۇن سوزغان قوللىرىڭلارنى دەرھال تارتىۋېلىڭلار، مېنى بۇزۇۋەتسەڭلار ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى تۈگەيدۇ، دۇنيا مەينەتچىلىك ئىچىدە قالىدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى تېخىمۇ قارا باسىدۇ، «زامان ئاخىرى دېگەن دەل ئۆزى شۇ» دەپ خىتاب قىلماقتا...

توغرا، بىز ئادەم، بىزدە بىر جان، بىر تەن بار. ئۆلۈۋاتقان جانلىقلارغا ئوخشاشلا بىزمۇ ئۆلىمىز، ئۆلۈشىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا كۆڭلىمىز بۇزۇلىدۇ. يەيدىغاننى تويغۇچە يەپ، قىلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆلگىمىز يوق. ئۆلگىمىز يوق تۇرۇپ ئۆلۈشنى تېزلىتىشنىڭ گۇناھلىرىنى قىلىۋاتىمىز. ئەمدى ئەۋلادلارنى ئويلىمىساق بولماس، كىشىنىڭ رىزقىنى دەپسەندە قىلىش نومۇس.

ئىنسانلار بىلەن مۇھىت، تەرەققىيات بىلەن مۇھىت پۈتكۈل يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىگە ئايلاندى. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى، ياشاش، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ، غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ھەرخىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرىماقتا، ياخشىلىماقتا. ھەممەيلەن: «دۇنيادا پەقەت بىرلا يەر

www.uyghurkitap.com

شارىمىز بار، ئۇنى قوغداش بىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىز» دەپ قارىماقتا. بىز ئاشۇ چوڭ يەر شارىنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە نان، سۇ، ئوزۇق بېرىۋاتقان، بىزنى بېقىۋاتقان، ئاشۇ چوڭ يەر شارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئانىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا نەزەر سېلىپ قويايلى.

دۇنيادا، ئۆز ئانىسىنى زار - زار قاقشىتىشنىڭ، ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق، زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەممىمىز بىلىمىز. خېلى بىر مەزگىل ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، باي بولۇش، بايلىق ئىزدەش، قورساق تويدۇرۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، ئاشۇ ئانىمىزنىڭ دەردىگە قۇلاق سالمىدۇق، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئىڭراپ يېتىپمۇ يەنە بىزگە ئۆز مېھرىنى بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق. ئەمدى قولىمىزنى يۈرىكىمىزگە قويۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسى، ئۇ كېلەچەكنىڭ ئانىسى، ئۇ دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن تالاي - تالاي قىزىق ئىشلارنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ كۈلكىسى ۋە يىغىسىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى؛ ئۇنىڭ باغرىغا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن سىرلىق ئىشكىلىرىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن. بىزنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارىمىز بار، يەر شارىمىزدا پەقەت بىرلا تارىم بار، ئەنە شۇ تارىم بىزنىڭ ئانىمىز...

ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» دىن

مۇھىت ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممە بايلىقتىن قىممەتلىك بايلىق. ئۇنى چوقۇم بىلىش كېرەك، دۇنيادا پەقەت بىرلا تارىم بار، ئۇنىمۇ بىلىش كېرەك.

ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» دىن

قۇملۇقلار كەلدى سىلجىپ قېشىمىزغا،
چۈشمەكتە توپا ـ توزان ئېشىمىزغا.
تەبىئەت تەڭرىسىنىڭ غەزىپىدىن،
ياققۇسى قۇم بالاسى بېشىمىزغا.
يۇرتداشلار ئويغىنايلى ئۇيقۇمىزدىن،
بۇ ئاپەت جاي ئالسۇن دىل تۈيغۇمىزدىن.

قانچىلاپ يەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
قانچىلاپ تەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
قېنى ئۇ قايناق شەھەر، كوچۇم مەھەللە؟
قانچىلاپ ئەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
يۇرتداشلار قىلايلى بۇ ھەقتە ھېساب.
كىمگە خاس، كىمگە يات بۇ سەۋر «ئىنساب»؟

ئېكىنزار قۇچاقلىرى تارايماقتا،
بۇلاقلار قۇرۇپ، ئېقىن قارايماقتا.
قوشنىمىز تەكلىماكان رىزقىمىزغا،
ئۆزىتىپ قول دائىما ئالايماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يۇرتداشلار، قوغدايلى گۈل بېغىمىزنى،
ئاسرايلى قار يېپىنغان تېغىمىزنى.

ھېلىمۇ پالتا، تىغ بار قولىمىزدا،
ئورمانلار يىقىلدى ئوڭ ـ سولىمىزدا.
يۇلغۇننى، توغراقلارنى قىلدۇق ۋەيران،
ئۆچرىسا كەسلەپ، كولاپ يولىمىزدا،
قىلمايلى تەبىئەتكە قوپال چاقچاق،
قۇرىمىز يۇرتنى قانداق، بۇزۇپ ـ چاچساق؟

يەتمەستە شەھىرىمىزگە قۇملار بېشى،
توسايلى ئۇنى ياساپ ئورمان قېشى.
بۇزۇش بەك ئاسان، قۇرۇش تەستۇر ئاندىن،
ئاقمىسۇن كۆزدىن ئاخىر ھەسرەت يېشى.
تەبىئەت تەڭپۇڭنى ساقلاش ئۈچۈن،
سالايلى ئىشقا ئەقىل، كۈچنى پۈتۈن.

ئابدۇللا سۇلايمان

ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ئىناق ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي نەپ ئالالايدىغان بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ
بابا خېناكول

مەلۇمكى، جۇڭگولۇقلار مۇھىت مەسىلىسىگە ھەقىقەتەن سەل قارىغان. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيادىكى بۇلغىنىش دەرىجىسى ئەڭ ئېغىر شەھەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە ئىكەنلىكىنى تارىخ ۋە رېئاللىق قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ ھەرقانداق خىزمەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ھەقىقىي تۇردە ئىشەندى ۋە كېچىكىپ بولسىمۇ بۇ ئىشقا كىرىشىپ بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ پەيلاسوپلارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى — ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر» دېيىشتى؛ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى— ئىنسانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى نورمالسىزلىقىنىڭ ئىنكاسى» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشى؛ بىئومېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى— ئىنسانلاردىكى كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ راك كېسەللىكلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىنسانلار ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگۈچى ئەڭ چوڭ ئاپەت» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشى؛ ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى— سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن چوقۇم تۆلىشى شەرت بولغان قىممەتلىك بەدەل» دېيىشلىرى؛ سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى —بىر خىل ئىجتىمائىي چوڭ ئاپەت، ھەممە ئادەملەرنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولغان جىددىي مەسىلە» دەپ

www.uyghurkitap.com

تەبىر ئېيتىشى؛ پۇقرالارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى — ساغلام كىشىلەر قەلبىنى ئورىۋالغان ئازابلىق قارا تۇمان» دېگەن ساددا قاراشلىرى؛ ئېكولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى — ئىنسانلار تراگېدىيىسىنىڭ باشلانمىسىدۇر» دەپ جىددىي سىگنال بېرىشلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت زور ئەقلىي كۈچ ۋە ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپ قىلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ مۇھىت بۇلغىنىش مەنبەلىرىگە توسۇق قۇرۇش جېڭىگە ئاتلاندى.

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتىمىزگە نەزەر» دىن

«قۇملۇقلاردىكى پايانسىزلىق بىلەن بوستانلىقلاردىكى چەكلىمىلىك ھامان كىشىلەردە بىر خىل قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك كەيپىياتنى ھاسىل قىلىدۇ، تەكلىماكاننى چۆرىدەپ، بىر - بىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرغان بوستانلىقلار گويا بارخانلار ئارىسىغا مەڭگۈ بەند قىلىنىۋېتىلگەندەك كىشىگە يېتىملىك، غېرىبلىق ۋە دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقتەك خامۇش ھېسسىياتنى بەخشەندە قىلىدۇ».

ئەسئەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» دىن

ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇئەييەن مۇھىت شارائىتى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر جانلىق ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ماسلىشالايدىغان مۇھىتنى يارىتالمىسا، ئۇ تارىخ قويىنىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ.

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتىمىزگە نەزەر» دىن

«تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن دىيارىغا قەدەم باسسىڭىز، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن قانداق كۈرەش قىلىپ، قۇملار ئۇچۇپ تۇرغان بۇ دەشت ـ باياۋاندا دۇنياغا مەشھۇر بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. تارىختىن بۇيان بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىغان بۇ تىنىمسىز كۈرەش جەريانىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى پەقەت كۈچلۈك يېشىللىق ئېگىنىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ئىككى قولىغا تايىنىپ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلىغاندى».

ئەسئەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» دىن

يىغلىماڭلار ئورمانلار ئەمدى،
تەسلىم ئەمەس يىقىلغىنىڭلار.
بىلسە ئىنسان ھاياتتا ئەسلى،
پاجىئە ئىدى چېپىلغىنىڭلار.

يىغلىماڭلار ئورمانلار ئەمدى،
قۇشلار ئۆسۈپ ئاچمىسۇن ھازا.
تىغلار كەلسە ئورمانغا غايىب،
چىمەنلىككە يېتىدۇ قازا.

يىغلىماڭلار ئورمانلار ئەمدى،
ئاچچىق بوزلاپ يۈرمىسۇن ساما.
بۇغا، مارال دەردتە يۆتىلىپ،
تىللىرىنى چىقىرىپ راسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يىغلىماڭلار ئورمانلار ئەمدى،
دەرد ـ ھەسرەتكە قالمىسۇن دالا.
قۇياش بولۇپ سىڭمەكتە ئەنە،
يېشىللىقنى چۇشىگەن بالا.
ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار: «يىغلىماڭلار ئورمانلار ئەمدى» دىن

قۇشلارنى ئاسراش — تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئاسرىغانلىق، پۈتكۈل ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاسرىغانلىق. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلىق بولىدۇ.
ئابباس بۇرھان: «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» دىن

«... ئەگەر دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى زېمىن ئانىمىز-نىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا ئوخشاتساق، بۇ چاچلارنىمۇ بىز يۇلۇپ، چەيلەپ بىر يەرگە ئاپاردۇق. بۇ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھېچقانداق گۇ-ناھى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىن پەيدا بولغان ئىللەتلەرنىڭ شىپاچىسى ئىدى؛ گازلارنىڭ، پاسكىنا سۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى يىلان زەھىرىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك سۇغۇرۇۋالاتتى؛ ئىنسانىيەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قاپقارا ئىس ـ تۈتەك، ئاچچىق چاڭ ـ توزان، دەھشەتلىك بوران، دۆۋە قۇملارغا مەردانىلىك بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ قالقان بولۇپ بېرەتتى. ئۇ خۇددى مېھنەت قى-لىدىغان ئادىمىمۇ يوق، مىننەت قىلىدىغان باشلىقىمۇ يوق، خۇدا بەرگەن تەبىئىيلا زاۋۇت ئىدى؛ يېگىدىن يېڭى ھاۋا ئىشلەپ ھار-مايتتى؛ ھاۋا قىزىسا سالقىنلاشتۇراتتى، قۇرغاقلاشسا نەملەشتۇ-

رەتتى. بۇلغانسا ساپلاشتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەجرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بىزگە كۆرۈنمەي يوپۇرلۇپ كەلگەن كىسەللىكلەرنىڭمۇ كېلىدىن شۇ بوغاتتى، دەھشەتلىك شاۋقۇنلارنىڭ ئاغزىنىمۇ شۇ ئېتەتتى. ئۇ دەردىمىزگە داۋا، رەنجىمىزگە شىپا ئىدى؛ ماكانىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. بىز ئۇنى يولىمىزغا پۈتلاشتى، دەپلا توغرىۋەتتۇق، ئۆزىمىزچە شۇنداق قىلساق يولىمىز كېڭىيدۇ، دەپ ھېسابلىدۇق، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ماھىيەتلىك ياشاش يولىمىزنىڭ تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىمىدۇق. دەرەخلەرنى كېسىپ ئۆي سېلىپ، ئۆزىمىزگە ماكان ياراتتۇق، دەپ ئويلىدۇق، ئەمەلىيەتتە ياشاش ماكانىمىزنى يوق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىمىدۇق. تازىنىڭ بېشىدىكى تۆت تال تۈكتەك ئۇ يەر ـ بۇيەردە غېرىبسىنىپ قالغان دەل ـ دەرەخلىرىمىز ھەر خىل بۇلغىنىشلار بىلەن ئەمدى كۈچ ئېلىشالماي قالدى. ئۇلار خۇددى غالىب قوشۇننىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ قالغان تۆت توك ـ توك ئەسكەردەك سالپىيىپ، سارغىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر.

ھەرخىل ماتور، گۇدۇكلەرنىڭ شاۋقۇنى، ھەرخىل رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ گىژىلداشلىرى، چوڭ ـ كىچىك ماشىنا، رادىئو كانايلىرىنىڭ ئەسەبىي چۇقانلىرى، پاراۋوزلارنىڭ پۇشۇلداشلىرى ئايروپىلاننىڭ چىرقىراشلىرى ئالدىدا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان، پاقىلارنىڭ كۇركىرىغان، قويلارنىڭ مەرىگەن، كالىلارنىڭ مۆرىگەن، توخۇلارنىڭ چىللىغان، قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاساسەن ئۆچتى. ئىنسانىيەت ياراتقان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار غىڭ قىلالمايدىغان ھالەتكە

چۇشۇپ قالدى. بىز بۈيۈك تەبىئەتنىڭ گۈزەل كۈي مېلودىيىسىدىن مەھرۇم بولدۇق. بالىلار نەغمىچى قۇشلارنى پەقەت رەسىملىك كىتابلاردىلا كۆرەلەيدۇ. شائىرلار كاككۇك، بۇلبۇلنىڭ نېمىلىكىنى كۆرمەي تۇرۇپ، پەقەت ئاڭلىغىنىنى بويىچە ئۇنى قوشاقلارغا قېتىۋېرىدۇ... مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ قۇشلار زېمىنەپتەك رىۋايەتتىكى قۇشلارغا ئايلىنىپ قالماسمۇ!»

ئەخمەت ئىمىن: «سادا» دىن

توغراق تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېشىللىقنىڭ گۈلتاجى. قۇملۇق دەرەخلىرىنىڭ سەركىسى، ئۇ ناچار مۇھىتتا شۇنچىلىك جاپا تارتسىمۇ قىلچە زارلانماي ئۆزىگە مۇناسىپ شەپە بېرىپ شىلدىرلاپ تەبىئەتنى ئۇخلاتمايدۇ. سەۋر - تاقەت ۋە قانائەت بىلەن كۆكلەۋېرىدۇ. مۇنبەت تۇپراق، مول سۇ تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۇن - تىنسىز ھالدا يېڭى دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ.

توختىمەمەت نۇرمەمەت: «توغراقلار قىسسىسى» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978-7-80744-428-2
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )